# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

# INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# 中亚信息



3

1998

# 《中亚信息》（维文版）目 次 1998年第3期（总第80期）

新疆维吾尔自治区
科学技术委员会
主 办
（双月刊）
编委会：
主任委员：
张曰知
副主任委员：
顾家骝
王本年
夏尔甫丁·夏木西
委员：
姑丽素木
艾来提
米娜娃
主编：
姑丽素木
执行主编：
艾来提
编辑与翻译：
米娜娃
牙尔买买提
穆娅莎
本期责任编辑：
米娜娃
每双月25日出版

## 综述

新疆旅游业的现状、潜力与发展前景……(3)
英国人眼中的中亚五国……(10)
哈萨克斯坦对未来的发展……(13)
1998年中国对外形势严峻……(12)
彩色棉花……(14)

## 投资

乌兹别克斯坦的投资者……(18)
哈2000年前吸引国内外直接投资重点项目目录……(20)
俄罗斯的投资环境会好起来吗……(15)

## 石油与天然气

谈新疆同独联体国家在能源与石化领域的合作……(21)
哈萨克斯坦石油天然气工业进行机构重组……(26)
四国合作开发卡拉恰甘纳克油气田……(30)

## 国际联网信息

中俄贸易预期将有大发展……(31)
泰国支持高品质服装出口……(34)
俄罗斯挽救电视工业……(33)
蒙古将举办招商引资洽谈会……(34)

## 市场与价格

哈萨克斯坦调整电话服务费……(35)
哈萨克斯坦部分商品的价格……(37)
俄对酒精类制品实行新价格标准……(38)
坚戈与外币的汇率……(39)

## 边贸信息

边贸信息12条

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

**1988 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ**

**1998 ـ يىل 3 ـ سان**
**ئومۇمىي 80 ـ سان**



**تەھرىر ھەيئىتى:**

**مۇدىر:**
جاڭ يۈجۈ

**مۇئاۋىن مۇدىرلار:**
گۇ جيايۈي
ۋاڭ بىنىيەن
شەرىپىدىن شەمشى

**ھەيئەت ئەزالار:**
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت
غەيرەت توختى
مۇنەۋۋەر قادىر

**مەسئۇل مۇھەررىر:**
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

**مەخسۇس مەسئۇل مۇھەررىر:**
غەيرەت توختى (04)

**مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:**
مۇنەۋۋەر قادىر (01)
يارمۇھەممەت ئىبراھىم (02)
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**
**مۇنەۋۋەر قادىر**



ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ


## «ماتېرىيال»


شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى ...... (3)
ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ..... (10)
قازاقىستاننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ............ (13)
1998 ـ يىلى جۇڭگونىڭ تاشقى سودا ۋەزىيىتى جىددىي
بولىدۇ .................... (12)
رەقىملىك پاختا ................. (14)


## «مەبلەغ سېلىش»


ئۆزبېكىستاننىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى ............. (18)
قازاقىستاندا 2000 ـ يىلىدىن ئاۋۋال مەبلەغ سېلىشقا
بولىدىغان نۇقتىلىق تۈرلەر ................ (20)
رۇسىيىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى ياخشىلىنامدۇ؟ .. (15)


## «نېفىت ۋە تەبىئىي گاز»


شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر
بىلەن ئېنېرگىيە ۋە نېفىت ـ خىمىيە ساھەسىدىكى
ھەمكارلىقى ...................... (21)
قازاقىستاننىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز سانائىتى ئاپپاراتلارنى
قايتا تەشكىللىدى .................. (26)
تۆت دۆلەت ھەمكارلىشىپ قاراچاغىناق نېفىتلىكىنى
ئاچماقچى ................... (30)


## «ئىنتېرنېت ئۇچۇرلىرى»


جۇڭگو رۇسىيە سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى
پارلاق ...................... (31)
تايلاند ئالىي دەرىجىلىك كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئېكسپورت
قىلىنىشىنى قوللايدۇ ............ (34)
رۇسىيە تېلېۋىزور سانائىتىنىڭ ئەھۋالى.......... (33)

موگغۇلىيە خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش كېڭىشىش يىغىنى ئاچماقچى ...... (34)

## «بازار ۋە باھا»

قازاقىستان تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى تەڭشىدى ........................ (35)
قازاقىستاننىڭ بىر قىسىم تاۋارلىرىنىڭ باھاسى........................ (37)
رۇسىيىنىڭ ئېسپېرت مەھسۇلاتلىرىغا قاراتقان يېڭى باھا ئۆلچىمى ............ (38)
تەڭگە بىلەن تاشقى پېرېۋوتنىڭ نىسبىتى ........................ (39)

## «چېگرا سودا ئۇچۇرلىرى»

1998 ـ يىلى ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادى % 1.5 تۆۋەنلەيدۇ .................. (41)
رۇسىيىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىدىن يەنە ئۈمىد بار .................... (43)
قازاقىستان كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى تارقاتتى ............... (45)
ئەزەربەيجاننىڭ نېفىت ـ تەبئىي گازنى ئېچىش مىقدارىتۆۋەنلەپ كەتتى ............ (47)
ئۇكرائىنانىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسى گۈللەنمەكتە ...................... (32)
قازاقىستان تاشقى سودىدىكى تېخنىكا ئۆلچىمىنى خەلقئارالاشتۇردى .............. (44)
ئۇكرائىنا كونا ماشىنىلارنىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈردى ..................... (36)
موسكۋا ساختا هاراق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئېغىر جەرىمانە قويىدى ............... (11)
رۇسىيىنىڭ تاشقى قەرزى 130 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن ............ (49)
تاجىكىستانلىقلار ئىسلاھاتقا ئىنتىلمەكتە ........................ (46)
تاجىكىستان ھۆكۈمىتى ئۆز خىزمىتىدىن نارازى ....................... (48)
قازان تىك ئۇچار ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتى ..................... (40)

# شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى

مۇنىرە ئابلىمىت

ساياھەتچىلىك بىرخىل يېڭى شەكىللەنگەن، ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت كەسپىدۇر، دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا قاراپ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. بىراق دۇنيادىكى «ئون چوڭ ساياھەت بازىرى»نىڭ بىرى بولغان تايلاند بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق. مەيلى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتى، مەيلى مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بولسۇن، پەرق ناھايىتى روشەن، بىراق بىز بۇنىڭ بىلەنلا ئۈمىتسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك. پەقەت بىز تارىخىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، توغرا بولغان تەرەققىيات ستىراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك بايلىق مەنبەلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى پائال قېزىپ، ساياھەت مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ساياھەتچىلىك بازارلىرىنى ئېچىپ، ساياھەت كەسپلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتسەكلا رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

رايونىمىزنىڭ ساياھەت مەنبەلىرى ئىنتايىن مول، شۇنداقلا باشقا رايوندىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە. جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى نۇرغۇنلىغان بىلىملىك زاتلار شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىغا ناھايىتى ياخشى باھالارنى بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى تۆت تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، شىنجاڭ دۇنياغا مەشھۇر قەدىمى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، تارىختا غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن بولغان، قەدىمي يىپەك يوللىرى ۋە كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ غول تۈۋرىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، شىجاڭ تارىختىن بۇيان كۆپ مىللەت ئورتاق ياشاپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ كەلگەن رايون، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ئۆزىگە خاس مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، ئۆرپ ئادەتلىرىنى، ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان، بۇمۇ رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ يەنە بىر تۈۋرۈكى. ئۈچىنچى، شىنجاڭ ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئالاھىدە، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى مۇرەككەپ، چوڭ، مەشھۇر تاغلار، قۇملۇق، ئويمانلىقلار، سىرلىق، قەدىمي ۋە گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرق ۋە غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تەلپۈنىدىغان يېرىگە

ئايلانغان. شىنجاڭ سەككىز دۆلەت بىلەن قوشنا، هازىر 14 سودا ئېغىزى ئېچىۋېتىلدى، بۇ رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى. بۇشارائىتلار رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

رايونىمىز ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يالغۇز ئۆزىمىزگە خاس ساياھەت مەنبەلىرى بىلەن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، خەلقئارا بازارغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، يەنە دۆلەت ئىچكى بازار ۋە رايونىمىز بازارلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىق مەنبەلىرى بىرقەدەر مول، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان بازارلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە چەت ئەللىك كەڭ ساياھەتچىلەرنى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كۆپ خىل ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان، ساياھەتچىلەر قىزىقىدىغان مول مەزمۇنلۇق يېڭى ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كېرەك. پۈتۈن ساياھەت ئىستېماللىرىنىڭ بىرىكىشىدىن قارىغاندا، رايونىمىزنىڭ ساياھەت بازارلىرى ئۈچ چوڭ بازارغا بۆلۈنىدۇ.

**بىرىنچى. خەلقئارا ساياھەت بازىرى**

پۇلى، ۋاقتى يېتەرلىك، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان دۆلەت ۋە رايوندىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساياھەت ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئېھتىياجىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئېھتىياجدۇر. ساياھەتچىلىك دۆلىتىمىزدە گەرچە كېيىنرەك باشلىنىپ، 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ بىراق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە تېز تەرەققىي قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ تاشقى پېرېۋوت يارىتىش يولىنىڭ بىرى بولۇپ ئۈچىنچى خىل كەسىپتىكى مۇھىم كەسىپكە ئايلاندى. 96-يىلى دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولۇپ، خەلقئارا ساياھەت تاشقى پېرېۋوتى 10 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. خەلقئارا ساياھەت تەشكىلاتىنىڭ (WTO) ستاتىستىكا قىلىشىچە، جۇڭگونىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 1984 ~ 1994-يىلغىچە دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان، خەلقئارا ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مىقدارى دۇنيا بويىچە 16-ئورۇندىن ئالتىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. هازىر شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئورۇن، شۇنىداقلا غەربىي قىسىم رايوننى ئېچىشتىكى زور ماتېرىيال ئامبىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ 5400 كىلومېتىرلىق چېگرا لىنىيىسى بار، ھەممە يوشۇرۇن كۈچى زور بولغان سەككىز دۆلەت بىلەن قوشنا بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈكى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇش رايونىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، مۇلازىمەت سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەر 84 دۆلەتتىن كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ مەنبە ئەتراپىتىكى سەككىز قوشنا دۆلەت ۋە ياپونىيە. رايونىمىز چېگرا ساياھەتچىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىلگىرى ياپونىيە ساياھەتچىلىرى دۆلىتىمىز بو-

يىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. شىنجاڭ ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1993-، 1994-، ۋە 1995-يىللىرى ياپونىيەدىن شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ سانى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 22 مىڭ 860، 38 مىڭ 658، 35 مىڭ 71 ئادەم قېتىمغا يېتىپ شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ 14% نى ئىگىلىگەن. ياپونىيىنىڭ ساياھەتچىلەر بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور، پىرېۋوت يارىتىش نىسبىتى يۇقىرى، بۇنى چەت ئەلنىڭ ساياھەتچىلەر بازىرىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز رايونىمىزنىڭ چېگرىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ مۇھاجىر قېرىنداشلارنى ۋە ئەتراپتىكى سەككىز دۆلەت ۋە رايوندىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، دۆلەتلەر ئارا باج، بايلىق مەنبەلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرق (باھا پەرقى ۋە باج نىسبىتى پەرقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تاۋارلارنىڭ تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ساياھەت قىلىش بىلەن مال سېتىۋېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، مال سېتىۋېلىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساياھەت قىلدۇرۇش كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ ساياھەت ئىدارىلىرى تەسىس قىلغان «ئۈچ كۈنلۈك ساياھەت»، «بىرھەپتىلىك ساياھەت»، «سودا ساياھىتى» قاتارلىقلاردۇر. بىز ساياھەت بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مال سېتىۋېلىش ساياھىتى، سودا ساياھىتى ۋە تەڭ باراۋەر ساياھەت قاتارلىقلارنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىز ئۈچۈن كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان، ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى شۇنداقلا مۇھىم ساياھەت نۇقتىسى ھەمدە دۇنيا بويىچە دېڭىز ئوكياندىن ئەڭ يىراق شەھەر بولۇپ، قاتنىشى قولايسىز، ترانسپورت ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس، ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى قالاق، شىمالىي ئامېرىكىغا ئوخشاش ئوكيان ھالقىپ ساياھەت قىلىدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا سەپەر ۋاقتى ئۇزۇن، چىقىم كۆپ بولىدۇ، ئۇلارنى رايونىمىزغا تەكلىپ قىلىپ ساياھەت قىلدۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن، بىراق بىز بۇنىڭدىن غەم قىلماسلىقىمىز كېرەك. ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىكى بىر قىسىم ساياھەتچىلەر غەربنىڭ تەبىئەتكە قايتىش، تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىشتەك ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى. بىز رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ بىرقىسىم ئالاھىدە ساياھەت تۈرلىرىنى، مەسىلەن، ئېگىز تاغلاردا پىيادە ساياھەت قىلىش، قۇملۇقلارنى قەدىمىي يىپەك يوللىرىنى، ئوتلاقلارنى ئېكىسپېدىتسىيە قىلىش، ئاپتوموبىل ئارقىلىق ساياھەت قىلىش، ئات، تۆگە، ۋېلسىپىت مىنىپ ساياھەت قىلىش، تاققا يامىشىش، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش ساياھىتى ئېلىپ بېرىش، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ساياھىتى قىلىش، ئېتنوگرافىك، ئىلمىي تەكشۈرۈش ساياھىتى قىلىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇخىل ئالاھىدە بولغان ئېكىسپېدىتسىيە خاراكتېرىگە ئىگە ساياھەت تۈرلىرى ئارقىلىق يۇقىرىدا ئېيتىلغان دۆلەتلەردىكى ئىدىيىسى جانلىق، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئەۋەككۈلچىـ

لىككە ۋە غىدىقلاش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەرگە قىزىقىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ زامانىۋى شەھەرلەردە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ يىراق دۆلەتلەردىن كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەر بازارلىرىنى كېڭەيتىپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرالايمىز.

ياپونىيىنىڭ توكيو شەھرىدە قىش پەسلىدە ناھايىتى ئاز قار ياغىدۇ، بىراق توكيولۇقلار چاڭغا تېيىلىشقا ئامراق قىش يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ھەپتە ئاخىرى ياكى خاسىيەتلىك كۈنلەردە نۇرغۇن قىز-يىگىتلەر ئىككى- ئۈچتىن بولۇپ چاڭغا تېيىلىشقا بارىدۇ. يېقىنغا بېرىشنى خالايدىغانلىرى پويىزغا ئولتۇرۇپ خوككايدوغا بارىدۇ، يىراققا بارىدىغانلىرى ئايروپىلان بىلەن كانادا قاتارلىق قاركۆپ ياغىدىغان دۆلەتلەرگە چاڭغا تېيىلىش ئۈچۈن ساياھەت قىلغىلى بارىدۇ. بۇساياھەتچىلەر قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈنلۈك چاڭغا، مۇز تېيىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ، نۇرغۇن ئىستېتىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ. ئاندىن ھەممىسى روھلۇق ھالدا خىزمەت ئورنىغا قايتىپ جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. رايونىمىزدا شۇنچىلىك كۆپ ساياھەت بايلىقى تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن ئۇنى ئېچىپ پايدىلانمايمىز؟ ئالاھىدە ساياھەت نۇقتىلىرى ساياھەتچىلەرنى بىۋاستە جەلپ قىلىش رولىغا ئىگە. مەسىلەن: ئىسپانىيىنىڭ دېڭىز ساھىلى، تايلاندنىڭ بۇددا مۇنارى، گوللاندىيىنىڭ چاقپەلەكلىرى (شامالدا پىرقىرايدۇ)، شۋېيتسارىيەنىڭ كۆللىرى قاتارلىقلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، بىزمۇ يۇرەكلىك ھالدا سىناپ باقساق بولىدۇ.

كىشىلەر 21-ئەسىرنى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئەسىر دەپ، قارايدۇ، دۇنيا ساياھەت تەشكىلاتىدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پەرىزىچە، 2010-يىلىغا بارغاندا جۇڭگو دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ ساياھەت دۆلىتى بولىدىكەن. دۇنيا ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆلىنىشىدىن قارىغاندا، شەرققە يۈزلىنىش ۋەزىيىتى ناھايىتى روشەن، ئاسىيا-تېنچ ئوكيان رايونى 21-ئەسىردىكى دۇنيا ساياھەت رايونى بولۇپ قالىدۇ. ساياھەت ئىشلىرىدا «شەرققە يۈزلىنىپ غەربكە يېتىش» تەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تايانچ كەسپى بولۇشى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرلىشىپ چەتئەلنى جەلپ قىلىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم روجىكى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەنزىرە رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزدىن توغرا يولغا باشلاپ تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

## ئىككىنچى، دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت بازارلىرى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئادەم قېتىم سانىمۇ يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى. 1996-يىلى دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت 639 مىليون ئادەم قېتىمغا، كىرىم 163 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلىتىمىزدە قوش كۈنلۈك دەم ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ ساياھەت قىلىشقا ئاجرىتىدىغان ۋاقتى ئېشىمۇ كۆپەيدى. نۇرغۇن كىشىلەر ساياھەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاراك-

تېرىنى يېتىلدۈرۈپ تۇرمۇشنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاپ، روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. خەلق كىرىمىنىڭ يەنىمۇ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ساياھەتمۇ كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلاندى. بۇ دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت بازارلىرىنىڭ تېز كېڭىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ساياھەت بازارلىرى تېزدىن كېڭىيىۋاتقان، قاتنىشى تەرەققىي قىلمىغان، چەت شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قانداق قىلغاندا دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ؟ قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى چوڭ بىرتوسالغۇ بولۇش ئەھۋال ئاستىدا رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز قىيىنغا توختايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭ بىرقۇرغاق جاي، ھەممىلا يەر قۇملۇق بىلەن قاپلانغان. ئۇلار شىنجاڭدا ئېگىز تاغلىق ئېقىم بىلەن ئويمانلىق ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك سېلىشتۇرمىسىنى، شىنجاڭدا مۇزلۇقلار بىلەن ئوت دۇنياسىنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقىنى، قۇملۇقلارنىڭ يېشىل بوستانلىقلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇلارغا كۆپلەپ تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىشىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. دەل مۇشۇنداق روشەن سېلىشتۇرمىلار، كۈچلۈك پەرقلەرلا ساياھەتچىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. يازپەسلىنىڭ نەملىك دەرىجىسى تۆۋەن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھاۋاسى تىنجىق ئىسسىق ئەمەس بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان كۆڭۈلدىكىدەك سالقىنداش رايونى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئارشاڭ بايلىقى بىرقەدەر مول، بىز بىرقىسىم ئارشاڭ بىلەن داۋالاش ساناتورىيىسى قۇرۇش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىساقمۇ بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ مېۋە-چىۋىلىرى دۇنياغا داڭلىق. مەسىلەن: تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، پىچاننىڭ قوغۇنى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، سانجىنىڭ توقاچ شاپتۇلى، خوتەننىڭ ياڭىقى، قەشقەرنىڭ ئانار ۋە بادىمى قاتارلىقلار، باھاسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىرقىسىم دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭدا ھەر يىلى 7-، 8-ئايلاردا مېۋە-چىۋىلەر بازارغا چىقىدۇ، بۇ دەل ساياھەت قىلىدىغان ئالتۇن مەزگىلدۇر.

شىنجاڭدا يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە مەشھۇر تەمى ئۆزگىچە يېمەكلىكلەر بار، مەسىلەن: كاۋاپ، پولو، قورداق، نان، سۈتلۈك چاي، قىمىز قاتارلىقلار، بۇ يېمەكلىكلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە باشقىچە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. بىز بۇ پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتىپ، رايونىمىزنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، گۈزەل مەنزىرىسى، مول بايلىقى، قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى، كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ياخشى جەمئىيەت تەرتىپى، قاتناش تەرتىپى، مۇھىت تازىلىقى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ۋە رايونىمىز خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشىمىز لازىم.

خاڭجۇ شەھىرىدىكى شىخۇ كۆلى، بېي-

جىڭنىڭ تيەنتەن، يىخېيۈەن، شياڭشەن باغ-
چىلىرى، تيەنئەنمېن مەيدانى ۋە دۆلىتىمىزدىكى
بىر قىسىم مەشھۇر تاغ-دەريالار ۋە جەنۇبتىكى
بىر قىسىم تەرەققىياتى تېز بولغان شەھەرلەر
دۆلىتىمىزدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ قارشى ئېلى-
شىغا ئېرىشكەن. دۆلىتىمىز ساياھەتچىلىرىنىڭ
ساياھەت نۇقتىسى غەربىي قىسىمغا يۆتكەلمەكتە.
رايونىمىزنى كۈچلۈك ساياھەت رىقابىتىدە روناق
تاپقۇزۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ،
تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك.
جۇرۇڭجى زۇڭلى رايونىمىز ئۈچۈن پىلانلاپ
بەرگەن «بەش كۈنلۈك ساياھەت» (شياڭگاڭ
ـ ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ـ كورلا ـ خوتەن)
لىنىيىسىنى تېزدىن تەسىس قىلىشىمىز كېرەك.
بۇ بىرخىل گۈزەل تاغ-دەريالار، مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، قومۇلۇقتىكى
غەلىتە كۆرۈنۈشلەر، نېفىت ئېچىش بىرلەشتۈ-
رۈلگەن غول ساياھەت لىنىيىسىدۇر. ئۇ رايونى-
مىزنىڭ قەدىمىي يىپەك يولىدىن ئىبارەت غول
تۇۋرۇكلۇك ساياھەت كەسپىنى خىللاشتۇرۇپ،
دۆلەت ئىچىدىلا ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىدۇ.

رايونىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاج-
لاندۇرۇش ئۈچۈن، كەسىپ باشقۇرۇشنى، كە-
سىپ باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنى ۋە ئۈنۈملۈك
مۇكاپاتلاش-جازالاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چى-
قىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا تەربىيە-
لەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەسىپ جەھەتتىكى
تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇش، مۇلازىمەت ئىقتىدا-
رى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.
پىلانلىق ھالدا بىرتۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك
ساياھەت يېتەكچىسى ۋە ساياھەت مۇلازىمىتىنى
باشقۇرۇش خادىمىنى تەربىيىلەپ، مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك
كەسپىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىھال يۇقىرى
سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

### ئۈچىنچى، رايونىمىزنىڭ ساياھەت بازارلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمى
بىلەن شىمالىي قىسمى مەيلى جۇغراپىيىلىك مۇ-
ھىت ياكى كىلىمات جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى
ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن بولسۇن يا-
كى مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ساياھەت بايلىقى جە-
ھەتتىن بولسۇن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ چوڭ ساياھەت رايو-
نى ئالتاي، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي ۋە قاراماي-
دىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر-
نىڭ مەنزىرە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رايونى
ۋە نۇقتىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن شىما-
لىي شىنجاڭ چوڭ ساياھەت رايونى يەنە تۆت
ئىككىنچى دەرىجىلىك ساياھەت رايونى ۋە 15
ئۈچىنچى دەرىجىلىك ساياھەت رايونىغا بۆلۈنى-
دۇ. شىمالىي شىنجاڭ چوڭ ساياھەت رايونى
ئۆزىدىكى قويۇق ئورمانلىرى، چەكسىز يايلاق،
گۈزەل تاغ، كۆل، تەبىئىي قوغداش رايونلىرى
بىلەن قۇرغاق رايوندا ئالاھىدە بار بولغان گۈ-
زەل مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئالتاي ۋە
تيانشان تاغلىرىدىكى تاش ئويما رەسىملەر،
ئوتلاقتىكى تاش ئادەم ھەيكەللىرى، تاشتا ياسال-
غان دەپنە ساندۇقلىرى مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك
قىممىتىگە ئىگە. ئالتۇن، ياقۇتلارنى قېزىش، نې-
فىت ۋە يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بۇ
رايوننىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي مەنزىرىسىدۇر. بۇ
رايون قازاق، موڭغۇل ۋە شىبە قاتارلىق ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندۇر. بۇ
مىللەتلەرنىڭ ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى،
قىزقوغلاش، ئوقيا ئېتىش، نادام قاتارلىق ئەنئەنىۋى
پائالىيەتلىرى دائىم ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە

جەلپ قىلىدۇ. بۇ رايونلار ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىي ساياھەت رايونىغا يېقىن بولۇپ، تۆمۈريول، تاشيول قاتنىشى ناھايىتى قولايلىق.

جەنۇبىي شىنجاڭ چوڭ ساياھەت رايونى قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، خوتەن، قۇمۇل ۋە قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مەنزىرە رايونلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ چوڭ ساياھەت رايونى يەنە قەشقەر-قىزىلسۇ تاققا چىقىش ساياھەت رايونى، كۇچار-ئاقسۇ يىپەك يولى قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھەت رايونى، خوتەن يىپەك، قاشتېشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەرلەرنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ساياھەت رايونى، قۇمۇل كۆل، يايلاق ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھەت رايونى قاتارلىق بەش ئىككىنچى دەرىجىلىك ساياھەت رايونى، مۇز چوققىلىرى، قارلىق چوققىلار، چوڭ قۇملۇقلار، قەدىمىي يىپەك يولى، قاشتېشى، يىپەك، قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە-چىۋىلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ساياھەتتىكى ئەۋزەللىك ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت رايونىنىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپ ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىي ساياھەت رايونىدىن بىر قەدەر يىراق، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئاۋىئاتسىيە ۋە تاشيول قاتنىشى تېخى قولايلىق ئەمەس، شۇڭا رايون خاراكتېرلىك ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ.

رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ كۈندىن كۈنگە ئاشتى. بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەر، پېنسىيىگە چىققان خادىملار ساياھەتكە چىقىپ، تاشقى دۇنيانى چۈشىنىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق كەيپىياتىنى تەڭشەيدىغان، بىلىمنى ئاشۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ئىدارە، كارخانا، كوللېكتىپلارمۇ ھەر يىلى ساياھەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ شىنجاڭدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا ئاپىرىدىغان بولدى، بۇ خىل خىراجىتى ئاز، ۋاقتى قىسقا ساياھەت شەكلىنى ساياھەتچىلەر ئۆزلىرى لايىھىلىيەلەيدۇ، ساياھەت تۈرى ۋە كۈنتەرتىپىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. بۇ ئارقىلىق ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رايونىمىزنىڭ ساياھەت بازارلىرىنى ئېچىش زۆرۈر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ بازارنىڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە، رايونىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ساياھەت بازىرىنىڭ ۋەزىيىتى داۋاملىق ھالدا خەلقئارادا ساياھەت بازىرىنى چىڭ تۇتۇش، دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت بازارلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز رايونىمىزنىڭ ساياھەت بازارلىرىنى پائال تۈردە ئېچىش، رايونىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قىياپىتى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، 21-ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت. (02)

# ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

ئەنگلىيىنىڭ «ئىقتىسادشۇناسلار ھەپتىلىك ژۇرنىلى»دا «بەش بوۋاق» دېگەن تېمىدا بىرپارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىدا ئاپتور سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستانلارغا بولغان كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ، تۆۋەندىكىدەك يازغان:

ھەربىر جىددىي خىزمەت كۈنى تاماملانغاندىن كېيىن ھەرقايسى ساھەلەردىكى سودىگەرلەر تاشكەنتتىكى «خەلقئارا قورۇقلۇق» مېھمانخانىسىنىڭ «ئۈچرىشىش» قاۋاقخانىسىغا يىغىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتە بۇ يەرگە گېرمانىيىلىك بانكىرلار، ئۆزىنىڭ ماشىنىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىغا تولۇپ كېتىشنى ئويلاۋاتقان كورېيىلىك ماشىنا سودىگەرلىرى، ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلىرىنى پاختا پىششىقلاش زاۋۇتلىرىغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان شۋېتسىيە سانائەتچىلىرى، كەڭ بىپايان رايونلارغا ئىشەنچ باغلىغان ئىسرائىلىكلەر، نېفىت تەبىئىي گاز زاپىسىغا قايىل بولىدىغان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى ۋە تاماكا پادىشاھلىرى يىغىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تېخى پايدىلانمىغان بايلىقلار ناھايىتى كۆپ، ئالدى بىلەن تىلغا ئالىدىغىنىمىز فرانسىيىنىڭ تۆت ھەسسىگە تەڭ كېلىدىغان كاسپىي دېڭىزدىن جۇڭگونىڭ چېگرىسىغىچە سوزۇلغان بىپايان يەر مەيدانى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ بولغان ۋەكالەتچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا سودىدا ئىشخال قىلىدىغان بازار ئەمەس، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نامرات، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئۆز ئارا ئوخشاشمايدۇ، دېموكراتىيە تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس، بۇ بەش دۆلەتتىكى خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش دەرىجىسىمۇ ئۆزئارا ئوخشاشمايدۇ، دەپ قارايدۇ، بىراق ئۈمىدۋار كىشىلەر بۇ رايونلاردا چەت ئەل مەبلىغىگە نىسبەتەن پۇرسەت يەنىلا كۆپ دەپ قارايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، تاجىكىستاننىڭ ئەھۋالى ئەڭ ناچار، قازاقىستاننىڭ بۇ بەش دۆلەت ئىچىدە يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ، كان مەھسۇلاتلىرى مول، لېكىن چېرىكلىشىش ئەھۋالىمۇ ئېغىر. قىرغىزىستان سىياسىي جەھەتتە ئەڭ ئەركىن دۆلەت، لېكىن ئۇنىڭ «پۇت-قولىنى» خەلقئارا پۇل فوندى جەمئىيىتى كۈشەپ قويغان. تۈركمەنىستان ئىككىنچى كەمبەغەل دۆلەت، گەرچە ئۇلار ھەرقايسى جەھەتلەردە چېكىنىشتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا زۇڭتۇڭ نازارەتچىلىكىدىكى دۆلەت بولغاچقا شەخسلەرنىڭ ئېتىقادى ناھايىتى ئېغىر.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۆزبېكىستان بىرقەدەر ئالاھىدە بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىمۇ خېلى تۇراقلىق. ئۆزبېكىستاندا ناھايىتى كۆپ يەر ئاستى بايلىقلىرى، مەسىلەن: ئالتۇن، نېفىت تەبىئىي گاز ۋە باشقا مىنېرال ماددىلار بار. جۇغراپىيىلىك ئورۇندىن قارىغاندا، ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ پايتەختى تاشكەنت مەزكۇر رايوننىڭ ئاساسلىق سودا شەھىرىدۇر. ھازىر تاشكەنت يوشۇرۇن كۆچلەرگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىشنى سىناق قىلىپ، بازار ئىقتىسادىغا ئۆتمەكتە. 1997-يىلى

ئۆزبېكىستان هۆكۈمىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى ئالماشتۇرۇش قائىدىلىرىگە ئېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئەنسىرىتىپ قويدى، سومنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان پېرېۋوت نىسبىتى 8:1 قىلىپ بەلگىلەندى، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئېخىمۇ كۆپ سومغا ئامېرىكا دوللىرى سېتىۋېلىشنى خالايدۇ. بازار رىقابىتىدە، كىشىلىك مۇناسىۋەت هەردائىم ئۆز ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. غەرپتىكى مەلۇم بىر ئىقتىسادشۇناس: ئۆزبېكىستان ئۆزىنىڭ كونا ئادىتىنى تاشلاشنى خالىمايدۇ. ئۆزبېكىستاندا خۇددى تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ۋە قازاقىستاندىكىگە ئوخشاش ئىلگىرىكى پارتىيە ئەزالىرى رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە هوقۇق قاتلىمىغا تەۋە بولۇپ، هوقۇق ۋە ئىدىئولوگىيە سىستېمىسى بىرلىكتە تۆۋەنگە ئۆتكۈزۈلىدۇ دېدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بەش دۆلەت ئارىسىدىكى رەسمىي ئالاقە ئاجىزلاشتى. 1991 ـ يىلى ئۆزبېكىستان ۋە باشقا بىرقانچە دۆلەت توساتتىن ئەركىن دۆلەتكە ئايلاندى، ھەتتا ئۇلارنىڭ رازى ياكى نارازى ئىكەنلىكىمۇ سورۇشتۇرۇلمىدى، بەزىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەركىنلىك خۇشاللىنارلىق ھەم قورقۇنچلۇق ئىش بولدى.

رۇسىيە باشتىن-ئاخىر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ نېفىت تەبىئىي گاز ئېكسپورتىنى كونترول قىلىپ كەلدى، بۇ رايونلارنىڭ نېفىت تەبىئىي گازى ھەر دائىم رۇسىيىنىڭ تۇرۇبا يولى ئارقىلىق توشۇلىدۇ. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا غەرب، شەرق ۋە ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدىغان نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇشنى پىلانلىماقتا. شەرقىي لىنىيىگە جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرقەدەر قىزىقىدۇ، غەربمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفىتىدىن پايدىلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئىران ئارقىلىق ئۆتىدىغان نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىدىن خاتىرجەم بولمايدۇ. رۇسىيە ھەرقانداق نېفىت توشۇش لايىھىسىگە قىزىقمايدۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

**ئىسمايىل ھېسامىدىن (ت)**

# موسكۋا ساختا ھاراق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئېغىر جەرىمانە قويدى

موسكۋا شەھەرلىك ھۆكۈمەت 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ ساختا، ناچار ھاراقلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا قويۇلىدىغان جەرىمانىنى ئېخىمۇ ئېغىرلىتىشنى قارار قىلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت شەھەر ئىچىدىكى 216 توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇختۇرۇش ئېلان قىلىپ، مەزكۇر بازارلاردىكى تىجارەتچىلەرنى ئاگاھلاندۇردى. مەيلى قايسى بازاردا ساختا ھاراق بايقالسۇن، شۇ بازاردىكى ساختا ھاراق تىجارەتچىلىرىگە، ھەتتا شۇ بازارغا جەرىمانە قويىدىغان بولدى. ناۋادا مەزكۇر بازاردا ساختا ھاراق سېتىلغانلىقى قايتا بايقالسا، بۇ بازاردا ھاراق سېتىش مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى، ھەتتا بازارنىڭ تىجارىتى توختىتىلىدىغانلىقى، ماللىرى تالاشتۇرۇپ سېتىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

موسكۋا بازارلىرىدىكى 90% تىن كۆپرەك ساختا ۋە ناچار ھاراقلارنىڭ ھەممىسى توپ سېتىش بازارلىرى ئارقىلىق سېتىلىدىكەن. (01)

# 1998 - يىلى جۇڭگونىڭ تاشقى سودا ۋەزىيىتى جىددىي بولىدۇ

بىرلەشمە ئۇچۇر تورى، بېيجىڭ 1998-يىلى 19-فېۋرال خەۋىرى: دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ۋۇيى، بۇ يىل تاشقى سودا خىزمىتى ناھايىتى جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ ئاساسلىقى ئاسىيا پۇل-مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىللىق تاشقى ئىقتىسادىي سودا خىزمىتى مەركەز بەلگىلەپ بەرگەن خەلق ئىگىلىكىنى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، پۈتۈن يىللىق تاشقى سودا ئېكسپورتىنىڭ ماكرولۇق باشقۇرۇش نىشانى 345 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1997-يىلدىكىدىن 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، سىرتقا قارىتا قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش، سىرتقا قارىتا مەبلەغ سېلىشنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇناسىپ ھالدا راۋاجلىنىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش شەرتى ئاساسىدا ئېكسپورتنى كېڭەيتىش، جۇڭگونىڭ ئېكسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى توپ پرىنسىپى، بۇيىل كۆلەم بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، ئېكسپورت كارخانىلىرىغا ئاساسەن كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشنى كۈچەيتىش، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇش ۋە دۆلەت ئېكسپورت باج قايتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئېكسپورتقا پايدىلىق، ھەقىقىي تۈردە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ئۈنۈملۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، تاشقى سودا ئېكسپورتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمپورتنىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆپەيتىش كېرەك. بىراق قارىغۇلارچە ئىمپورت قىلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم دۆلەت ئىچىدىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ماسلىشىشى، ئېكسپورت تاۋارلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ ماسلىشىشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تېخنىكا تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تاشقى ئىقتىسادىي سودا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دېدى: كارخانىلارنىڭ تاشقى تىجارەت ھوقوقىنى تېزدىن تەستىقلاش كېرەك. ئەسلىدىكى بەش ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى ئىشلەپچىقى-

رىش كارخانىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ئىمپورت-ئېكسپورتنى ئۆزلىرى تىزىملاش سىناق تۈزۈمى ئاساسىدا ئۆزلىرى تىزىملاشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئالدى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى 1000 نوقتىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا كېڭەيتىش كېرەك. نورما ۋە ئىجازەتنامىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇشى كېرەك. ئەسلىدە ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بۇختىل گۇۋاھنامىنى تارقىتىش خىزمىتىدىكى قالايمىقانچىلىقنى، خالىغانچە تارقىتىش، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىپ تارقىتىش ئەھۋالىنى ئەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش كېرەك. خەلقئارادا ئورتاق يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۇسۇل بويىچە، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

ۋۇيىنىڭ قارىشىچە، چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش خەلقئارادا بازارنى ئېچىش، چەت ئەل بايلىقىنى ئېچىشتىكى مۇھىم تەدبىر. دۆلەت بىر قىسىم رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، شارائىتى بولغان كارخانىلارنى چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش، ئىقتىسادىي كۈچ، كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارى بولغان كارخانىلارنى چەت ئەلگە چىقىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بىراق بىرلىككە كەلگەن پرىنسىپ بولۇشى كېرەك. ھەرگىز قارغۇلارچە، قالايمىقان مەبلەغ سېلىشقا بولمايدۇ. (02)

*******************************************

# قازاقىستاننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1998-يىلىدىكى پۇل پاخاللىق نىسبىتىنىڭ 9-12 پىرسەنت تۆۋەنلەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3%، ساناەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئايرىم — ئايرىم ھالدا 4% ۋە 3%، سېلىنىدىغان مەبلەغ 6%، ئەمەلىي ئوتتۇرىچە مۇئاش 2.5% ئېشىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن، ماكرو ئىقتىساد ۋە مالىيىنىڭ تۇراقلىق بولۇشى ياش قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى، ھازىر بىزنىڭ رۇسىيىگە ئوخشاش مالىيە جەھەتتىكى نەتىجىلەرگە ئىگە بولدۇق. بىز بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز، رۇسىيىنىڭ 300 يىللىق كرىزىس تارىخى بولسا، بىزنىڭ پەقەت 3 يىللىقلا كرىزىس تارىخىمىز بار دېدى. (01)

# رەڭلىك پاختا

رەڭلىك پاختا سورتى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشتە بۈگۈنكە قەدەر ئۈچ دۆلەت مۇۋەپ‌پەقىيەت قازاندى. رەڭلىك پاختا تەتقىق قىلىش مەسىلىسى بۇ دۆلەتلەرنىڭ «ئىلغار پەن-تېخنىكا» تۈرلىرىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنداقلا تەجرىبە رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى چەكلەش، تەتقىقات تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مەخپىي تۇتۇش، قوغداش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى.

## ئامېرىكىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى

رەڭلىك پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقات ئىشلىرى 70-يىللىرى باشلانغان بولۇپ، ئاساسلىق تەتقىقات بازىسى كالىفورنىيە شتاتىغا تەسىس قىلىنغان. تەتقىقات بازىسى تارماق تەجرىبە رايونلىرىنىڭ بىرى مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قۇرۇلغان بولۇپ، نۆۋەتتىكى ھالدا رەڭلىك پاختىنىڭ ئېرسىي سورتىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە تارماق رايونلاردا يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسىگە ئەھمىيەت بەردى. ئېرسىي سورت يېتىشتۈرۈش يات تۈرلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇش ۋە بىئولوگىيىلىك گېن قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، ھاۋارەڭ، ھال رەڭ، سۇس سېرىق، سۇس قوڭغۇر قاتارلىق رەڭلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆزنى قاماشتۇرغىدەك ھەرخىل رەڭلىك پاختىلارنى يېتىشتۈردى. تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل تەبىئىي رەڭلىك پاختىدىن توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم، رەڭگى چىرايلىق بولۇپ ئۆڭمەيدۇ ھەم رەخت بوياش ھاجەتسىز. يۇمشاق ھەم چىدامىلىق بولىدۇ.

## سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى

رەڭلىك پاختا تەتقىقات ئىشلىرى 60-يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى باشلانغان. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان، ئېرسىي سورت يېتىشتۈرۈش ۋە يات تۈرلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردا بىئولوگىيىلىك گېن قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ھۈجەيرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە شالغۇتلاشتۇرۇپ ئېرسىي سورت يېتىشتۈردى. شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى جۇخار گۈلگە ماس ھالدا سىيانىدىن (گۈل تاجىغا رەڭ بەرگۈچى ماددا) نى ئوكۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ رەڭلىك پاختىنىڭ ئېرسىي گېنىنى يېتىشتۈردى.

رەڭلىك پاختىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تەتقىقات ئورنىغا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بىۋاستە قاراشلىق بولغان. دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىس قىلىنغان، كېيىن ھاۋارايىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇكرائىنانىڭ كىيېۋ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دنېپر دەرياسىنىڭ بۇغداي تۈرىدىكى زىرائەتلەر رايونىغا يۆتكەلگەن. ھازىرغا قەدەر سۇس سېرىق، سۇس قىزىل، ھاۋارەڭ، سۇس قوڭغۇر ۋە كۆكرەڭ قاتارلىق سورتلارنى يېتىشتۈرگەن. بەزى شاخلىرىدا ئوخشاش بولمىغان 4-5 خىل رەڭدىكى پاختا گۈلى ئېچىلىدۇ. لېكىن پاختا تالاسىنىڭ يۇمشاقلىق دەرىجىسى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىك، رەڭ ئېرسىيىتى مۇقىم بولماسلىق سەۋەبىدىن، مۇقىم سورت بولۇپ شەكىللەنمىگەن.

# رۇسىيىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى ياخشىلىنامدۇ؟

مەبلەغ سېلىش يېتەرلىك بولماسلىق رۇسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا يەنىلا توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. 1997-يىلى رۇسىيە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشى ۋە بەزى سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىمۇ قوشۇلىدىغان مەبلەغنىڭ داۋاملىق ئازىيىشىنى توساپ قالالمىدى. 1997-يىلى 1-ئايدىن 8-ئايغىچە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1996-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 8.2% تۆۋەنلەپ كەتتى.

رۇسىيە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ خام چوتىغا ئاساسلانغاندا، 1998-يىلى رۇسىيە ئىقتىسادىنىڭ 1% ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. كىشىلەر ھازىر رۇسىيە مەبلەغ سېلىش قىزىزىق نۇقتىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرىۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىشماقتا، بۇ بەلكىم چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا رۇسىيەگە كىرگەن تاشقى كاپىتال 1996-يىلى كىرگەن ئومۇمىي تاشقى كاپىتالدىنمۇ كۆپ بولۇپ، جەمئىي 6 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. (1996-يىلى 6 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1995-يىلى 2مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىدى).

بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق سېلىنغان چەت ئەل مەبلىغى تەننەرخىنى دەرھال قايتۇرىۋالالمايدۇ، چەت ئەللىك شېرىكلەشكۈچىلەرنىڭ قايتۇرۇۋېلىش ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار بولىدۇ، «باشقا مەبلەغلەر» تېز سۈرئەتتە كېڭىيىدۇ. ئەگەر 1991-يىلىدىن 1993-يىلىغىچە «باشقا مەبلەغ»لەر چەت ئەللەر قوشىدىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 10%نى ئىگىلىگەن بولسا، 1997-يىلى 65.3% نى ئىگىلىگەن بولاتتى. تۆۋەندىكى جەدۋەل بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

## مىسىرنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى

مىسىرنىڭ رەڭلىك پاختا تەتقىقات بازىسى نىل دەرياسى ئەتراپىغا جايلاشقان. ھازىرغا قەدەر سۇس قىزىل، ھاۋارەڭ، سۇس سېرىق، كۈلرەڭ قاتارلىق رەڭلەردىكى پاختىلارنى يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۈپتە ئايرىم شاخلاردىن كۆپ خىل رەڭلىك پاختا ئېچىلىدىغان سورتلارمۇ بار. مىسىرنىڭ رەڭلىك پاختا يېتىشتۈرۈش ۋە ئۈستۈرۈش ئىشلىرى 70-يىللاردا باشلانغان. ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى كېۋەز غولى ئىگىز، غوزىكى چوڭ، تالاسى ئۇزۇن، يۇمشاق قاتارلىقلار. يېتەرسىزلىكى ئېرسىي گېن مۇقىم بولماسلىق، ئۆزگىرىشى كۆپ ۋە پىگمېنتى ئۆلچەمگە توشماسلىق قاتارلىقلار. ھازىرغا قەدەر مۇقىم سورت بولۇپ شەكىللەنمىگەن.

پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، رەڭلىك پاختىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەلا سۈپەتلىك، مۇقىم سورت بولۇپ شەكىللىنىپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلغۇسى.

(04)

چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش سوممىسى

| يىل | 1995 ـ يىل | | 1996 ـ يىل | | 1997 ـ يىل | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرلىك | بىرمىليون | ئىگىلىگەن ئومۇمىي سوممىسى | بىرمىليون | ئىگىلىگەن ئومۇمىي سوممىسى | بىرمىليون | ئىگىلىگەن ئومۇمىي سوممىسى |
| ئومۇمىي مەبلەغ سانى | 2796.7 | | 6506.1 | | 6670.8 | |
| بىۋاستە سېلىنغان مەبلەغ | 1876.9 | 67.1% | 2090 | 32.1% | 2179.9 | 32.7% |
| ۋاستىلىق سېلىنغان مەبلەغ | 30 | 1.1% | 45.4 | 0.7% | 137.3 | 2.0% |
| سېلىنغان باشقا مەبلەغ | 889.8 | 31.8% | 4370.7 | 67.2% | 4353.6 | 65.3% |

بۇخىل گۇللىنىش ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، باشقا دائىرىلەردە سېلىنغان مەبلەغكە قارىتىلغان، رۇسىيىدىكى ستاتىستىكا ئالىملىرى: مەبلەغ سالغۇچىلار ئاساسەن رۇسىيىنىڭ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيىسىنى سېتىۋالدۇ، ياۋروپا ئاكسىيە بازىرىمۇ نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدۇ، دەپ قارايدۇ.

كىرىمى ياخشى بىر قىسىم دائىرىلەر يەنى پۇل-مۇئامىلە، بانكا، سۇغۇرتا ۋە مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئەڭ تېز ئاشىدۇ. 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا بۇ ساھەلەرگە سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 75.3% نى ئىگىلىدى.

گەرچە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق سېلىنغان مەبلەغلەر ئاشقان بولسىمۇ لېكىن سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي نىسبىتى ئۇزلۇكسىز تۆۋەنلىدى، رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادىي مەبلەغ قوشۇشى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى، ھەتتا چەت ئەل مەبلىغىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان خەلق ئىگىلىكى تارماقلىرى يەنى يېقىلغۇ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قەغەز بوتقىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېمەكلىك ساھەسىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسىمۇ ئۇزلۇكسىز تۆۋەنلىدى.

شۇڭا، رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى دائىرىسىدە ۋە بىرقىسىم پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە تاشقى كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى ناھايىتى ناچار بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، رۇسىيىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كاپىتالىستلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا بارغانچە پايدىسىز بولغانلىقىدا، بۇخىل پايدىسىز مۇھىتنىڭ قىلچە ياخشىلانمىغانلىقىنى چوڭقۇر ئويلاشقا ئەرزىيدۇ. ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ دەرىجىسى تاشقى ئىقتىسادنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئەمەلىيلەشمىسە خام ماتېرىيالنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە خېلى كۆپ مەبلەغ بولسىمۇ يېرىم تەييار مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرالمايدۇ، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس!

چەت ئەل كاپىتالى كارخانىلىرى رۇسىيىدە ئاز ئەمەس، 1991-يىلى 1-ئايدىن 1997-يىلى

9ـئايغىچە 23 مىڭ تاشقى كاپىتال سودا كارخا-
نىسى تىزىمغا ئالدۇردى. بۇ كارخانىلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى ۋەكالەتچى ياكى مەسلىھەت سوراش
مۇلازىمىتىنىڭ ياردىمىدە رۇسىيىگە كىرگەن. بۇ
شىركەتلەر ئاساسەن سودا ۋە يېمەكلىك كەسپى
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقى-
رىشدا ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى كىچىك.

هازىر، تاشقى كاپىتالنىڭ رۇسىيىگە كى-
رىش تەرتىپى بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ، مەبلەغ
سېلىش مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى تەبى-
ئىي هالدا ئەكس ئەتتۈرمەكتە. چەت ئەللىك
مەبلەغ سالغۇچىلار ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ تۇ-
رۇشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئۆزى سالغان مەبلەغ-
دىن بۇگۈن نەتىجە هاسىل قىلىشنى، ئەتە تې-
خىمۇ كۆپ كاپالەتكە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلى-
دۇ. لېكىن رۇسىيىدىكى جىنايەت سادىر بولۇش
نىسبىتىنىڭ كۆپىيىشى، هوقۇقنىڭ تۇراقلىق
بولماسلىقى، مۆلچەرلىگۈسىز ئىقتىسادىي ۋەزى-
يەت، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك هەرخىل باج
سېلىق ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان ستاتىستىكى-
لىق مەلۇمات قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى چەت ئەللىك
مەبلەغ سالغۇچىلارنى چۆچۈتۈپ قويىدى.

كىشىنى خوشال قىلىدىغىنى، هازىر رۇس-
يىدە نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى ياخشىلايدىغان، مەب-
لەغ سېلىش شارائىتىنى تەڭشەيدىغان چارە-
تەدبىرلەر بار بولدى. مەسىلەن: يېڭى قانۇندا،
چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆز مەبلىغىنى
رۇسىيىنىڭ مۇھىم دائىرىلىرىگە، بولۇپمۇ بەزى
ئىشلەپچىقىرىش دائىرىلىرى ۋە بەزى ئىشلەپچى-
قىرىش كاسات هالەتكە چۈشۈپ قالغان دائىرى-
لەرگە سالسا، تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلاردا
ئېتىبار بېرىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەب-
لەغ سېلىشتىكى رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇر-
غاندا، باج ئېلىشنىڭ ئۆلچەملىشىشىگە قاراپ
يۈزلىنىشنى تېزلەتكىلى، رۇسىيىنىڭ باج يىغىش
ۋە هېسابات تۈزۈمىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئو-
مۇمەن، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى سودىنى جانلاندۇ-
رۇش ۋە چەت ئەللىكلەرنى رۇسىيىگە مەبلەغ
سېلىشقا جەلپ قىلىش ئۈچۈن يېڭى سىياسەت-
لەرنى يولغا قويىدى.

لېكىن، هۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق سىياسەت
ۋە قارارلىرىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئىلغار
ۋە ئۈنۈملۈك بولغان چەت ئەل كاپىتالىغا كاپا-
لەتلىك قىلىش ۋە سۇغۇرتا تۈزۈملىرىنى دەرھال
تەتقىق قىلىش هەم تۇرغۇزۇش كېرەك. شۇڭا
رۇسىيە بۇ قارارلارنى قوللىنىپ، 1997ـيىلدىن
باشلاپ، چەت ئەل كاپىتالىنىڭ بىخەتەرلىكىنى
دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزدى، ئۇلار مەخسۇس مۇ-
لازىمەت تۈرى ئورنىتىپ چەت ئەل كاپىتالىنىڭ
بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى.

دېمەك، پەقەت دۆلەت پىلانىدىلا چەت
ئەل كاپىتالى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. هەممە جىنايى
ئىشلار زىيانكەشلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە مەبلەغ سېلىش خەۋپ-خەتىرى-
نى تۆۋەنلىتىپ، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچى-
لارنىڭ ئۆزى بىلەن شېرىكلەشكۈچىلەرگە
ۋە شۇ دۆلەتكە بولغان ئىشەنچ دەرىجىسى-
نى ئاشۇرىدۇ.

رۇسىيە هۆكۈمىتى مەبلەغ سالغۇ-
چى ئۆزى بىۋاستە مائاش ئۆستۈرۈشنى
چەكلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارى-
نى، 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن
ئارتۇق مەبلەغ سالغۇچىلارغا قارىتا دۆلەت
ئالاھىدە تاموژنا باج تۈزۈمى ئورنىتىلىدى-
غانلىقىنى، مالىيە ستاتىستىكا خىزمىتىنى
كۈچەيتىدىغانلىقىنى قايتا قارار قىلدى.

(ئاخىرى 25 ـ بەتتە)

# ئۆزبېكىستاننىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى

1997-يىلدىن بۇيان ئۆزبېكىستاندا روبىخەتكە ئېلىنغان، چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار 3061 گە يەتتى، سېلىنغان تاشقى مەبلەغ 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 66% مەبلەغ سانائەت تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئىشلىتىلدى.

ئۆزبېكىستاندا رۇسىيىنىڭ شېرىكلەشكەن كارخانىلىرىدىن 359ى بولۇپ، رۇسىيە يەنە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەردە شېرىكلەشكەن كارخانىلارنى قۇردى. مەسىلەن: رۇسىيىنىڭ شېرىكلەشكەن كارخانىلىرىدىن تۈركىيەدە 234، ئامېرىكىدا 199، ئافغانىستاندا 146، ئەنگلىيىدە 91، گېرمانىيىدە 86، كورېيەدە 66، جۇڭگودا 62، ھىندىستاندا 51، پاكىستاندا 41ى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 422، قاتناش ۋە ئالاقە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 41، قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 57، ساقلىق ساقلاش ۋە ساياھەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 22، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 1082. 1996-يىلى ئۆزبېكىستاندا ئەمەلىيلەشكەن چوڭ تىپتىكى ھەمكارلىق تۈرلىرىدىن 31، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەردىن 16 سى بار بولۇپ، يەنە زور بىر تۈركۈم كىچىك تىپتىكى تۈرلەرمۇ بار ئىدى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تەمىنلىگەن ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى سودا پائالىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن قەرز پۇل 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقاندى، پەقەت تاشكەنتتىلا تەخمىنەن 1414 تېز جانلىنىۋاتقان شېرىكلەشكەن كارخانا بار بولۇپ، شۇ يىلى بارلىق ھەمكارلىق پاي شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارى ئۆزبېكىستاننىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 4.6%نى، ئىمپورت سودىسى بولسا 36.7%نى ئىگىلىگەنىدى.

مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدىغان مەبلەغ سېلىش سىستېمىسى، مەسىلەن: ئۆزبېكىستان مەبلەغ سېلىش سۇغۇرتا شىركىتى، دۆلەت بانكىسى ۋە بىر قىسىم چەت ئەل مەبلىغى شىركەتلىرى ئۆزبېكىستاندا ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ بولغانىدى. 1995-يىلى قۇرۇلغان چەت ئەل مەبلىغى شىركەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغا مەبلەغ جەلپ قىلىش بولسىمۇ لېكىن بۇ تۈر يەنىلا مەبلەغ سالغۇچىلارنى كۈتۈش ھالىتىدە تۇرماقتا. چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى ئېچىۋېتىلگەن ۋە مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان پۇل سىياسىتىدىن ئىبارەت بولۇپ نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە يەنىلا پۇلنى ئايرىباشلاش مەسىلىسىدۇر. بۇ جەھەتتە سەللا مۇقىمسىزلىق كۆرۈلسە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئى-

شەنچىسىنى يوقىتىپ، سودا پائالىيەتلىرىگە پايدىسىز ئامىللارنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىدا چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ پايدىنى ئايرىباشلىشى ۋە قايتۇرۇشى دۆلەتنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىشى كېرەكلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. مەبلەغ سالغۇچىلار دۈچ كېلىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە بانكا سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بانكا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالمىدى، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى ۋە ماددىي كۈچىنى ئەھمىيەتسىز خورىتىۋەتتى. چەت ئەل سودا ئىشلىرى ھەمكارلاشقۇچىلىرى بانكىدا نەق پۇل كەم بولۇش ۋە نېسى بېرىش مەشغۇلاتىغا ئىنتايىن نارازى بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بانكىنىڭ مۇلازىمەت ھەققىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇشىمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئاكسىيە بازىرى چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سالغۇچى سودىگەرلىرى ۋە ھەمكارلاشقۇچىلىرىنى يېتەرلىك پۇل مۇئامىلە تۈرلىرى بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كارخانىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە بوغالتىرلىقى ۋە خەلقئارادا ئۆلچەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىۋەتتى. چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى دۆلەت قانۇنى كاپالەت بېرىدىغان تۈزۈم ئاستىدا سودا قىلىشنى خالايدۇ. مەبلەغ سېلىشنى تەڭشەش قانۇنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش جەريانىدا بىردەك بولماسلىقى كارخانىلارنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چەت ئەل مەبلەغ سېلىش سۇغۇرتىسى بۇ جەرياننىڭ نورمال يۈرگۈزۈلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزبېكىستاننىڭ سوغۇرتا بازىرى پۇل ئايرىباشلاشقا كاپالەتلىك قىلالماي، تاشقى مەبلەغنىڭ جەلپ قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، قەرزنى قايتۇرالماسلىق خەۋپىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، شۇنداقلا بۇخىل سۇغۇرتىنىڭ ھەققىمۇ بەكلا يۇقىرى بولۇپ كىشىلەر ئوڭايلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئۆزبېكىستاننىڭ سۇغۇرتا بازىرى يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ سۇغۇرتا بازىرىنى كونترول قىلىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان مېخانىزمنى ۋە يېڭى مەبلەغ سېلىش سۇغۇرتا ئورگىنىنى، مەسىلەن: باھالاشقا كاپالەتلىك قىلىش، سۇغۇرتىنى ھېسابلاش ۋە تۆلەنمىنى نەزىرىيە جەھەتتە ھېسابلاش قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ سۇغۇرتا شىركىتى ۋە كۆپ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خەلقئارا بازارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى چوڭ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۆزبېكىستان رايونىدا تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىشقا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن شەرتلەر ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى قانداق يۈرگۈزۈشنى بىلمەيۋاتىدۇ، تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىشتىكى ئاكتىپ مېخانىزملارمۇ كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. رايون خاراكتېرلىك مەبلەغ سېلىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىدە يەنىلا ئېغىر مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۆلەت خامچوتىنى تۆۋەنلىتىش، ئاندىن تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، شۇنداقلا چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سېلىش بوغالتىرلىق تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، نۇرغۇن ستاتىستىكىلىق رەقەملەرنى خەلقئارا ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە بوغالتىرلىق ھېساباتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. (03)

# قازاقىستاندا 2000-يىلدىن ئاۋۋال مەبلەغ سېلىشقا بولىدىغان نۇقتىلىق تۈرلەر

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قازاقىستان ھۆكۈمىتى 2000-يىلدىن ئاۋۋال مەبلەغ سېلىشقا بولىدىغان مۇھىم تۈرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ نۇقتىلىق تۈرلەر قازاقىستاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئانالىز قىلىش ھەردەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلگەن.

نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىشقا ئېلان قىلىنغان تۈرلەر تۆۋەندىكى بەش خىل:

### 1. ئاساسىي ئەسلىھەلەر

تۆمۈر يول ۋە تۆمۈر يول ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈرى؛ تاش يول؛ ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ۋە ئۇنىۋېرسال ئەسلىھەلىك ئاۋىئاتسىيە پورتى؛ ھاۋا بوشلۇقىدا يول باشلاش تۈرى؛ دېڭىز پورتى ۋە دەريا پرىستانى، كۆۋرۈك ۋە ئاسما كۆۋرۈك تېرموئېلېكتر ئىستانسىسى؛ بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتى، ئېلېكتر كۈچىنى يەتكۈزۈپ بېرىش لىنىيىسى، تېلېۋىزوردا ئالاقىلىشىش تورى قاتارلىقلار.

### 2. پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى

ئالىي دەرىجىلىك كىيىم-كېچەك، يىپ، رەخت، ئاياغ ۋە يۇڭلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش؛ ئالىي دەرىجىلىك ياغاچ ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە يېڭى تىپتىكى كارتون قەغەز ئىشلەپچىقىرىش؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سانائەتتە پىششىقلاپ ئىشلەش؛ بېلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش؛ باللار يېمەكلىكلىرى؛ قەنت-گېزەك ۋە پىرەنىك يېمەكلىكلىرى؛ ئىسپىرتسىز ئىچىملىك ۋە قىزىل ھاراق؛ يېڭى تىپتىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق ھەرخىل ئاپتوموبىل، ئۈسكۈنە ۋە ئەسۋابلارنى ئىشلەپچىقىرىش؛ ئېلېكترونلۇق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئېلېكتر ماشىنا مەھسۇلاتلىرى؛ ئېلېكتر ئەسۋابلىرى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى؛ كۈندىلىك خىمىيىۋى مەھسۇلاتلار ۋە گىرىم بويۇملىرى؛ دورا ۋە ئوكۇل؛ ئۆي ھايۋانلىرى دورىلىرى؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھۈنەر-سەنئەت بىلەن قارا ۋە رەڭلىك مېتاللاردىن قايتا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش؛ ئىلغار، يېڭى تىپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، كېرەكسىز ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار.

### 3. ئاقمولا شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى

قازاقىستاننىڭ مەركىزىي ئورگانلىرىنى ئاقمولا شەھىرىگە يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرى.

### 4. تۇرالغۇجاي، ئىجتىمائىي ساياھەت تۈرلىرى

سودا تۇرالغۇ جاي، سەھىيە مائارىپ تۈرلىرى؛ چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تۈرلىرى قاتارلىقلار.

### 5. يېزا ئىگىلىك

ئىلغار تېخنولوگىيىلىك ئاساستا يېتىشتۈرگەن يۇقىرى ھوسۇللۇق دانلىق زىرائەتلەر؛ يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈپىتى ياخشى ئۇرۇق سورتلىرى، كۆپىيىشچانلىقى كۈچلۈك، نەسلى ياخشى بولغان چارۋا مال ۋە ئائىلە قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ساپ يەم-خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى قاتارلىقلار. (ئا)

# شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئېنېرگىيە ۋە نېفىت-خىمىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقى

1997-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى، باش
شۇجى جاڭ زېمىن موسكۋادا رۇسىيە، قازاقىس-
تان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندىن ئىبارەت
تۆت دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن بەش دۆلەت
ئورتاق بولغان چېگرا رايونىدا ھەربىي كۈچنى
ئۆز - ئارا قىسقارتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزا-
لىدى. دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خېي-
لۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل، جىلىن ئۆلكىلىرى
رۇسىيە بىلەن چېگرىلەنگەندىن سىرت قالغان
چېگرىلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا بولۇپمۇ قازا-
قىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئۈچ
دۆلەت شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن چېگ-
رىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلى بەش
دۆلەتنىڭ شاڭخەيدە تۈزگەن كېلىشىمدىن بۇ-
يان بۇ ئەسىر ھالقىيدىغان سىياسىي دىپلوماتىك
باشلىنىش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە
ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايون،
يەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر
ئارقىدا، ئىقتىسادىنى دېڭىز بويىدىكى رايونلار ۋە
ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.
گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرا سودا
بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان بولسىمۇ،
بىراق ئېرىشكەن نەپىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس.
مەسىلەن: 1989-يىلى يازدا ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ
قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ پۈتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى
سۈپىتىدە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش
باشلاندى. ئالموتا تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ستا-
تىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1996-يىلى ئالاتاۋ
ئېغىزىدىن جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈلگەن مالنىڭ ئومۇ-
مىي مىقدارى بىر مىليون 10 مىڭ توننا بولغان،
جۇڭگودىن ئالاتاۋ ئېغىزى ئارقىلىق چىقىرىلغان
مال مىقدارى ئاران 70 مىڭ توننا بولغان. بۇمۇ
شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدى-
كى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا
ئالاقىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدىن خې-
لىلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى يەنە بىر تەرەپتىن
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سىياسىي مۇھىت، دۆ-
لەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي تەرتىپ-
نىڭ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ،
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاج-
لاندۇرۇش، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى
قوغداشمۇ يولىغا چۈشىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرا
سودىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شىنجاڭ سانائىتى-
نىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،
ئېكسپورت كارخانىلىرى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ
خەلقئارا بازاردىكى رىقابەتتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبا-
رەت بۇ يولنى چىقىش قىلىش كېرەك. يېقىنقى
بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇ-
نۇملەرنى تەھلىل قىلغاندا، شىنجاڭ كەسىپ قۇ-
رۇلمىسىنى تېزدىن تەڭشەپ، تېز ئۈنۈم بېرىدى-
غان يۇقىرى ئۈنۈملۈك كەسىپلەرنى ئالدىن را-

ۋاجىلاندۇرۇشنى باشلامچى قىلىپ، پۈتۈن رايون-
نىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆ-
لەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلى-
قىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك.

نېفىت-خىمىيە سانائىتى شىنجاڭ ئىگىلى-
كىنىڭ تۈۋرۈكى، ئاساسلىق نېفىت-خىمىيە زا-
ۋۇتلىرىدىن مايتاغ نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتى،
ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتى، قاراماي
نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ۋە پوسكام نېفىت-خىمىيە
باش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار، ئۇنىڭدىن باشقا
كورلا ۋە تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكىدە قۇرۇلۇش
ئالدىدا تۇرغان چوڭ تىپتىكى نېفىت ئايرىش
زاۋۇتى بار. بۇكارخانىلار نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ
ئىقتىسادىدا ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە كارخانى-
لاردۇر، بىراق ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرى-
جىدە خام ئەشيا باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى،
كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي يۈكىنىڭ ئېغىرلاپ كې-
تىشى، نېفىت-خىمىيە ساھەسىدىكى رىقابەتنىڭ
كەسكىن بولۇشى، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بازارلى-
رىدىن يىراق بولۇشى قاتارلىق ئۆتكۈر ئەمەلى-
يەتكە دۇچ كەلمەكتە.

شىنجاڭنىڭ نېفىت-خىمىيە كارخانىلىرى
ئاساسەن جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىر-
كىتى ۋە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى باش
شىركىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېمىغا
تەۋە بۇرغىلاش، قېزىش كەسپلىرى بولسا شىن-
جاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، تۇرپان-قۇ-
مۇل نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تارىم نېفىت
چارلاش-ئېچىش قوماندانلىق شتابىغا تەۋە، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، «چوڭ ھەم مۇكەممەل»، «كى-
چىك ھەم مۇكەممەل» بولۇشتەك شەكىلمۇ نا-
ھايىتى روشەن. بازار كىچىك، بايلىق مەنبەلىرى
كەمچىل بولسىمۇ شىنجاڭنىڭ نېفىت-خىمىيە
جېگى يەنىلا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ.

خەلقئارادىكى تېخنىكىسى بىرقەدەر ئىلغار بولغان
نېفىت-خىمىيە كارخانىلىرىنىڭ كۈندىلىك پىش-
شىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 20 مىڭ توننىدىن
تۆۋەن ئەمەس، دۆلىتىمىزدە بۇخىل سەۋىيىگە
يېتىدىغان نېفىت-خىمىيە كارخانىلىرى كەم-
دىن-كەم ئۇچرايدۇ. 1996-يىلى شىنجاڭ بويى-
چە خام نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەشتە بىرىنچى
ئورۇندا تۇرغان مايتاغدىمۇ كۈندىلىك مىقدارى
ئاران 6000 توننا بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ دۇنيادىكى ئىلغار سە-
ۋىيىگە ئىگە كارخانىلاردىن پەرقلىنىشىمىزدىكى
سەۋەب ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ
كىچىك بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئو-
شۇقچە بولۇشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆ-
ۋەن بولۇشى، تەننەرخنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكى قا-
تارلىقلاردۇر. شۇڭا مەھسۇلات بىرلا خىل بول-
غاچقا رىقابەت كۈچى كەمچىل.

1996-يىلى، شىنجاڭنىڭ خام نېفىت ئىش-
لەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 14 مىليون تون-
نىغا يەتمىدى، بىراق مايتاغ، ئۈرۈمچى، قاراماي-
نىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ناھايىتى
كۈچلۈك، مايتاغنىڭ ئۆزىدىلا 6 مىليون تونىغا
يېتىدۇ، يەنى شىنجاڭدا ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرى-
دىغان خام نېفىتنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردىكى
كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتسىمۇ يەتمەيدۇ.
تەييار نېفىتتىن باشقا، شىنجاڭدىكى خام نېفىت-
نىڭ بىر قىسمى شەرققە يەتكۈزۈلۈپ، لەنجۇ
قاتارلىق بەزى رايونلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچى ئوشۇقچە بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلى-
نىدۇ، بۇمۇ ئېنېرگىيە سىياسىتى ۋە نېفىت مەھ-
سۇلاتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەگەر كورلا ۋە
تۇرپان-قۇمۇل نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلىدى-
غان بولسا، شىنجاڭنىڭ نېفىت-خىمىيە كارخا-
نىلىرىنىڭ زەنجىلىق دەرىجىسى تېخىمۇ مۇۋاپىق

بولماي قالىدۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق خام نېفت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، خام ئەشيا ئىزلەش، بازار تاللىشىش، مەبلەغ يىغىش جەھەتتىكى زىديەتلەرمۇ كۈندىن كۈنگە گەۋدىلىنىدۇ. بۇخىل ئەھۋال ئۇزۇنغىچە داۋاملاشسا، كارخانىنىڭ ھاياتى كۈچىنى يوقىتىپ، ھەرئىككى تەرەپ زىيان تارتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ.

مايتاغ، قاراماي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىگە جايلاشقان، قاتناش ناھايىتى قولايلىق. نېفت-خىمىيە كەسپى مەبلەغ، تېخنىكا بىر قەدەر زىچ مەركەزلەشكەن كەسىپ بولۇپ، مەھسۇلاتىنىڭ تېخنىكا تەركىبى ۋە قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى، ئۇ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. مايتاغنىڭ ھەريىللىق بىرىكمە مەبلىغى 10 مىليارد خەلق پۇلىغا يېتىدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ ھازىرقى ئاساسىدىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قانداق تولۇق جارى قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشتا رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم ۋەزىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەتنىڭ چوڭ سىياستىگە ئاساسەن، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەرەققىياتقا ئاساسەن يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپىنى جانلىق پايدىلىنىش، ئېنېرگىيە سىياستى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، نېفت-خىمىيە كارخانىلىرىنىڭ سىرتقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىش، ئۇلارنى ئۆز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي چوڭ ئايلىنىشقا قاتناشتۇرۇش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ماكرولۇق تەڭشەش ۋە كەسپىي سىياسەتنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئېشىشىنى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىك مۇھىتىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق.

دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى نىسبەتەن كەمچىل بولۇپ، نېفت خەلق ئىگىلىكىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خام نېفت ئىمپورت قىلىش چوقۇم دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ يېتەكلىشىدە بىرلەشمە نېفت-خىمىيە شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1996-يىلى دۆلىتىمىز تۈرلۈك خام نېفتتىن 22 مىليون توننا ئىمپورت قىلدى، شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى نېفت ئىشلەپچىقىرىش دۆلەتلىرى، مەسىلەن: قازاقىستان، ئۆزبېكىستاننىڭ 96-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان خام نېفت مەھسۇلات مىقدارى 20 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. تۈركمەنىستان ۋە رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە رايونلىرىمۇ نېفت ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردۇر. شىنجاڭنىڭ چەت ئەلنىڭ نېفت بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئىستىقبالى ناھايىتى كەڭ، بىراق خام نېفت ئىمپورت قىلىش ئومۇمىي مىقدارىدا ئازراقمۇ ئۈلۈشى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلەشمە نېفت-خىمىيە شىركىتى بىلەن بىرلىكتە، دېڭىز قاتنىشى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى خەلقئارا بازاردىن خام نېفت ئىمپورت قىلىش ئۇسۇلى شىنجاڭغا ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر شىنجاڭ بىلەن ئىقتىسادىي

جەھەتتە بىربىرىنى تولۇقلاشچانلىقى ئىكە، ئۇلارنىڭ ئەپىس خىمىيە سانائىتى، يىنىك سانائىتى ۋە باشقا سانائىتى بىرقەدەر ئاجىز، ئېنېرگىيە ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى مۇكەممەل ئەمەس. نېفىت سودىسىنى كېڭەيتىش، شىنجاڭنىڭ نېفىت-خىمىيە كارخانىسىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە رايونىنىڭ نېفىت، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلغان مېتال تاۋلاش، ماشىنا پىششىقلاش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زۆرۈر بولغان ئاساسىي خام ئەشيا ۋە ئۈسكۈنىلەرگە ئېرىشكىلى، ئىككى تەرەپ سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ شىنجاڭ ئىگىلىكىنى سىرتقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يېتەكچى ئورنى ۋە رولى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ھەرقايسى كارخانىلار ئۆزىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە قانائەتلەندۈرۈشى ۋە تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك: ھەم ھەرقايسىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە تەڭشىشى، بايلىق مەنبەلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. مەسىلەن: مايتاغنىڭ ئېتىلىن ۋە سىلىقلاش مېيى، ئۈرۈمچىنىڭ خىمىيىلىك تالا ۋە پولىئىستىر مەھسۇلاتلىرى قارامايىنىڭ موگغۇلىيەگە بولغان سودا جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ۋە يې-

قىلغۇ مايىنى تۇرۇبا ئارقىلىق شەرققە يۆتكەشتىكى شارائىت، پوسكامنىڭ نېفىت ـ خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ پاكىستان، تاجىكىستانغا بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پايدىلىق ئامىللاردۇر.

ئىككىنچى، ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا بازار ئاچتى. بىز مەھسۇلاتىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن چوقۇم مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە خەلقئارادىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كېلىمىز.

ئۈچىنچى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

5 مىليون توننىلىق ماي ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن جەمئىي 1 مىليارد خەلق پۇلى كېتىدۇ، دۆلىتىمىز بۇ زاۋۇتنى سىچۇەن ئۆلكىسىدە قۇرۇشنى پىلانلىدى. سىچۇەننىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق، نېفىت ئايرىش ئۈچۈن، ھەر يىلى ھەر قايسى جايلاردىن خام نېفىت كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاۋادا شىنجاڭ ئىمپورت قىلىنغان 3-5 مىليون توننا خام نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلىسە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە شۇنىڭغا مۇناسىپ نېفىت-خىمىيە كارخانىسى قۇرۇلغانغا باراۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ خام نېفىت مەھسۇلاتىنى قوشقاندا، لەنجۇ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ تولۇق ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنداقتا لەنجۇدىن چۇڭچىڭغا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئورنىتىش ئېھتىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، شۇنىڭ ئۈچۈن سىچۇەندە نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرمىسىمۇ ياكى كىچىكلىتىپ قۇرسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايمىز.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك سانائىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نېفىت-خىمىيە قالدۇق مەھسۇلاتلىرى يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكترون قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. نېفىت-خىمىيە سانائىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشى مەھسۇلاتلارنى ۋە ئۇنىڭ تۈرىنى زور دەرىجىدە خىللاشتۇرىدۇ. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ سۈپەتلىك ئايلىنىشى شىنجاڭنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قاتناش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىغا بارغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى قەشقەردىن ئۆتۈپ ھىندى ئوكيان بويلىرىغىچە تۇتاشقاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى، قاتناش تراسپورتىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىر-بىرىگە ماس كېلىشتەك ئومۇمىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى ھالەتكە كېلىدۇ.

جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق بەش دۆلەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ مۇقەررەر ھالدا يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى باشلايدۇ. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىقىدا، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، كەسىپ سىياسىتىنى داۋاملىق تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەندە، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى بايلىق مەنبەلىرىدىن ياخشى پايدىلانغاندىلا ئاندىن بۇ ئىككى بازارغا بۆسۈپ كىرگىلى، رىقابەت جەريانىدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

ئامىنە ئەيسا (ت)

(بېشى 17 - بەتتە)

مۇھاكىمە قىلىش كۆن تەرتىپىگە كىرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە سېلىنىدىغان مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىدۇر، بۇ مەسىلە كەڭ - كۆلەملىك مۇنازىرىنى قوزغايدۇ، شۇنداقلا كاپالەتلىك قىلىش فوندى تەسىس قىلىشنى، يەرلىك ۋە مەركەزدە پۇلنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، ھوقۇقىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ھوقۇقى بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ فوندنى نەگە تەسىس قىلىش؟ يەرلىككە تەسىس قىلىش كېرەكمۇ ياكى مەركەزگىمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1993-يىلى رۇسىيە مۇقىم مەبلەغدىن 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق رۇبلىنى ئايرىپ چەت ئەل كاپىتالىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانىدى، ھازىر چەت ئەل ھۆكۈمىتى خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رۇسىيىگە سالغان مەبلىغىنى قوغدىماقچى بولىۋاتىدۇ، بۇ چارىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رولى بار، لېكىن ئاقىۋىتى يەنىلا مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

ئەمەلىيەت، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەل كاپىتالىنى چىن كۆڭلىدىن قوغداۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ھەقتە زۇڭلى شەخسەن پىكىر بايان قىلىپ، ھازىر رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا مىللىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسلىق ۋەزىپە دېدى. ئېكسپورتنى كېڭەيتىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشنى ئاشۇرۇش يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. (01)

# قازاقىستاننىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز سانائىتى ئاپپاراتلارنى قايتا تەشكىللىدى

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

**خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ ئىستىقبالى**

«قازاقىستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتى ئىلگىرىكى تۈزۈلمىلەر قالدۇرغان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىر دەسلەپكى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ ئامېرىكىنىڭ ئاموك نېفىت شىركىتى بىلەن تۈزگەن كاسپىي دېڭىزى تۇرۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈش گۇرۇھى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمدە ئىپادىلەندى. كېلىشىم بويىچە ئاموك شىركىتى 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىدىن كاسپىي دېڭىز نېفىت تۇرۇبىسىنىڭ قازاقىستان بۆلىكىدىكى قىسمىنى ياتقۇزۇش ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. بۇ بۆلەك تۇرۇبىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاموك شىركىتى ئاتراۋ ئوبلاستىنىڭ «جەنۇبىي ئېمبا»، ئاقتۆبە ئوبلاستىنىڭ «تېمىر» قاتارلىق تەرەققىيات ئىستىقبالى زور بولغان رايونلارنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، فرانسىيىنىڭ بۇ يەردىكى «ئالغا ئاكىتان» شىركىتىنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولۇپ قالدى. ئاموك شىركىتى يەنە قازاقىستاندىن ئەزەربەيجان ئارقىلىق كاسپىي دېڭىزنىڭ دېڭىز ئاستىدىن ئۆتۈپ تۈركىيىگە تۇتىشىدىغان نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى، قازاقىستاندا كىچىك تىپتىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ۋە ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ شىركەت يەنە ھەر يىلى نوۋوروسىيسكىغا يەتكۈزۈلىدىغان 3 مىليون توننا نېفىتنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن قارىغاندا، نېفىت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن ھەر يىلى 27 مىليون توننا نېفىت يەتكۈزگىلى، ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن 1.5 ھەسسىگە كۆپەيتكىلى بولىدۇ. ئامېرىكا شىركىتى ئۆزىنىڭ مەبلەغ سېلىش نورمىسىنى كۆپەيتىش ھەم 2011-يىلدىن بۇرۇن قازاقىستاننىڭ نېفىت تەبىئىي گاز سانائىتىگە 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى پىلانلىدى.

«قازاقىستان نېفىتى» دۆلەت نېفىت-تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ قاتنىشىشى ئاستىدا كاسپىي دېڭىزى نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى مالىيە تەشكىلاتى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش تۈرى ئۈچۈن خېرىدار چاقىرىش ئېلىپ بېرىلىپ، رۇسىيىنىڭ ئۈسكۈنە ياساش شىركەتلىرى جەلپ قىلىنىدۇ. بۇ شىركەتلەرمۇ قازاقىستان شىركەتلىرىگە ئوخشاش ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

رۇمىنىيەمۇ قازاقىستاننىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتىگە قىزىقىدۇ. 1997-يىلى 3-ئايدا رۇمىنىيە زۇڭتۇڭى قازاقىستان باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ئىككى تەرەپ نېفىت - تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، تۇرۇبا ياتقۇزۇشنىڭ ئالاھىدە ھۆنەر-سەنئىتىنى قازاقىستانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش،

نېفت ساقلاش ئەسۋابى ياساش، كىچىك تىپتى-
كى نېفت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇش، بۇرغىلاش
ئۈسكۈنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرى ۋە چوڭ دىئامې-
تىرلىق تۇرۇبا بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جە-
ھەتلەردە ھەمكارلىشىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغ-
رىسىدا مۇزاكىرىلەشتى.

## مەركەز ۋە جايلار

نېفت تەرەققىيات رايونىدىكى يەرلىك مە-
مۇرىي ئورگان ۋە يەرلىك كارخانىلار بىلەن
ھەمكارلىشىش «قازاقىستان نېفتى» دۆلەت نې-
فىت-تەبىئىي گاز شىركىتى دۇچ كېلىۋاتقان بىر
مۇھىم مەسىلە. مەسىلەن: قازاقىستان بىلەن
تۈركىيە بىرلىشىپ قۇرغان«قازاقىستان- تۈرك-
يە» نېفت چەكلىك شىركىتى تۆت يىلغا يېقىن
ۋاقىت ئىچىدە قازاقىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى
تۆت ئوبلاستتا غەلىبىلىك ھالدا 14 يېڭى نېفت-
لىك ئاچىپ، بۇ نېفتلىكلەرنى شۇچاغدا بىرقىسىم
چوڭ تىپتىكى گېئولوگىيە ئەترەتلىرى ھۆددىگە
ئالغان ئىدى، ھازىر بۇ ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسى
دۆلەت نېفت-تەبىئىي گاز باش شىركىتىگە تەۋە
بولدى. بۇ نېفتلىكلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي
مەبلەغ 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

1998-يىلى ئاقتۆبە ئوبلاستىدا يەنە بىر-
نەچچە كارخانا سانائەت نېفتى ئىشلەپچىقىرىدۇ.
نۆۋەتتە بۇ نېفتلەرنى تۆمۈر يول قاتنىشى ئارقى-
لىق ئېكسپورت قىلىش ئىشى يېقىنلاپ قالدى.
تۈركىيە دۆلەت نېفت شىركىتى قازاقىستان ھۆ-
كۈمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغاندا
«كېپكىياك-30» نېفت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ نېفت
يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئورنىتىش ئىپادىسىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. بۇنداق بولغاندا ئاقتۆبىنىڭ نې-
فىتىنى كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئېكسپورت قىلىندى-
غان نېفت تۇرۇبىسىغا تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ.
ئاتىراۋ ئوبلاستىدا «ئاتىراۋ نېفت ئايرىش زاۋۇتى»
ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ دۆلەت كونتروللۇق-
ىدىكى پايلىرىنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش
توغرىسىدا خېرىدار چاقىرىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا «ئېمبا نېفت-تەبىئىي گاز»
ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن «تېڭگىز نې-
فىت-تەبىئىي گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ
دۆلەت كونتروللۇقىدىكى پايلىرىمۇ كەم ئارتۇق
قىلىپ سېتىشقا قاتناشتى. «ئېمبا نېفت-تەبىئىي
گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتىگە قاراشلىق نېفت-
لىكنىڭ قېزىشقا بولىدىغان نېفت زاپاس مىقدا-
رى 60 مىليون توننا، «تېڭگىز نېفت-تەبىئىي
گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتىگە قاراشلىق نېفت-
لىكنىڭ نېفت زاپاس مىقدارى 30 نەچچە مىل-
يون توننا كېلىدۇ، ئۇلاردىن ھەر يىلى ئايرىم-
ئايرىم ھالدا 1800 توننا ۋە 80 مىڭ توننا نېفت
قېزىلىدۇ. ئاتىراۋ نېفت ئايرىش زاۋۇتىنى ئۆز-
گەرتىپ قۇرۇشقا 6 مىليوندىن ـ 1 مىليارد 200
مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە مەبلەغ كېتىدۇ.
بۇزاۋۇتنىڭ ھازىرقى ئىنچىكىلەپ ئايرىش دەرى-
جىسى 54%، ئۇنىڭدىن قالغان سۇزۇك ماي،
قويۇق نېفت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدىكى زور ئىشلار

«قازاقىستان نېفتى» دۆلەت نېفت-تەبى-
ئىي گاز شىركىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ
مۇرەككەپ مەسىلە ھازىرقى كارخانىلارنى قانداق
باشقۇرۇش ۋە ئۇلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش
توغرىسىدا خېرىدار چاقىرىش، چۈنكى ئەڭ ئا-
خىرقى ھوقۇق يەنىلا مالىيە مىنىستىرلىكىگە قا-
راشلىق دۆلەت مۈلۈكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى-
نىڭ قولىدا بولىدۇ. قازاقىستاندا خۇسۇسىيلاش-
تۇرۇش جەريانى ئەڭ ئۇزۇن بولغان «ئاقتۆبە
نېفت شىركىتى»نىڭ خۇسۇسىيلىشىشمۇ ئا-
خىرلاشتى. جەمئىي تۆت رىقابەتچى بەلگىلەپ

چىقىلدى: جۇڭگونىڭ دۆلەت نېفىت-تەبىئىي
گاز شىركىتى، ئامېرىكىنىڭ «ئامول» نېفىت
شىركىتى، «تېكساس» نېفىت شىركىتى ۋە رو-
سىيىنىڭ «جەنۇب كۆۋرۇكى» نېفىت شىركىتى-
دىن ئىبارەت. ئەسلىدە قاتنىشىشنى پىلانلىغان
«ئېكسپورت» شىركىتى رىقابەتتىن چېكىنىپ
چىقتى.

ھازىر چەت ئەل سودىگەرلىرى باشقۇرۇ-
شىدىكى چىمكەنت نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ
ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. بۇ زاۋۇتنىڭ ھەركۈن-
لۈك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى پەقەت ئىشلەپ-
چىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ يېرىمىغىلا توغرا كېلى-
دىغان بولۇپ، ئاران 10 مىڭ توننا يېقىلغۇ
مېيى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەر تونىسىنىڭ باھاسى
230 ئامېرىكا دوللىرىدىن 250 ئامېرىكا دوللىرىغا
كۆپەيدى. زاۋۇتتا يېڭى باشقۇرغۇچىلارنىمۇ تاپ-
قىلى بولمايدۇ، زاۋۇتمۇ ئۇلاردىن ھېچقانداق
مالىيە جەھەتتىكى ياردەمگە ئېرىشمىدى.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، قازاقىس-
تاننىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز ساھەسىدىكى خۇ-
سۇسىيلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشقا خىل لايىھە
بويىچىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن، 1997-يىلى 3-ئايدا قۇرۇلغان ئېنېرگىيە
ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مى-
نىستىرى س . داكا يېۋنىڭ ئېيتقىنىدەك، دۆ-
لەتنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشقا قات-
نىشىدىغان قازاقىستاننىڭ گېئولوگىيە خىزمەت-
چىلىرى، كان ئىشلىرى ئىنژېنېرلىرى ۋە نېفىت
ئىنژېنېرلىرى قاتارلىق مۇتەخەسسىلەرنى قول-
لاش كېرەك. يېڭى ئېلان قىلىنغان «كان باي-
لىق قانۇنى» نىڭ بۇنىڭغا ياردىمى بار، مەزكۇر
قانۇندا، چارلاش ۋە قېزىش ئىجازەتنامىسىنى
كېپىل قىلىپ تۇرۇپ بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىشقا
بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. دۆلەت يەنە ھەرىيە-
لى ئامېرىكىنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت بانكىسى
ياكى «گۆللىنىش» بانكىسىدىن ئېرىشكەن مەب-
لەغنىڭ بىرقىسمىنى ئاجرىتىپ بۇ ساھەدىكى
لايىھىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا سەرپ قىلىسىمۇ بو-
لىدۇ، بۇمۇ بىر خىل قوللاش ۋاستىسى.

ئالما-ئاتا شەھىرى فىزىكا تېخنىكىسى شىركىتى-
نىڭ لىدېرى، تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى ناۋۇرزارىپ
ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇ مۇس-
تەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە كان قاتلىمىدىكى خام
نېفىتنىڭ قېزىلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جە-
ھەتتە ئەڭ ئىمتىيازلىق مۇتەخەسسىلەرنىڭ بىرى،
ھەمدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە نېفىتنى تەج-
رىبە دورىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش جەھەتتە پاتېنتقا
ئېرىشكەن بىردىنبىر كىشى، شۇنداقلا نېفىت قاتلىمىنىڭ
كوئېففىتسېنتىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى جەھەتتە پاتېنتقا
ئېرىشكەن ئۈچ كىشىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ «مانجىستاۋ
نېفىت-تەبىئىي گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن
كۆپ يىللىق ئىلمىي تەتقىقات ۋە سودا مۇناسىۋىتى بار،
ھەم بۇ شىركەتنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پىلانىنى تەپ-
سىلىي تەتقىق قىلغان. بۇ پىلاننى شىركەتنىڭ لىدېرى
سالخوۋ ئەپەندى بىلەن بۇ شىركەتنى تەتقىق قىلىدىغان
مۇتەخەسسىلەر ۋە دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى بىرقىسىم
داڭلىق ئىقتىسادشۇناسلار تۈزۈپ چىققان. بۇ پىلانىنىڭ
ئەھۋالى مۇنداق: «مانجىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز»
شىركىتىنىڭ %20 پاي چېكى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا
بولىدۇ، «مانجىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز باشقۇرۇش
شىركىتى» %70 پاي چېكىنى سېتىۋالىدۇ، %10 پاي
چېكى ھوقۇقى ئەمگەك كوللېكتىۋىنىڭ ئەزالىرىغا بېرى-
لىدۇ. شىركەتنىڭ بىر قىسىم سېتىپ كېتىلگەن پاي
چەكلىرى لوندۇن پاي چېكى بازىرى ۋە قازاقىستان پاي
چېكى بازىرىغا سېلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى
مەبلەغ سالغۇچىلارغا تەقسىملەپ بېرىلىدۇ.

«مانجىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز باشقۇرۇش شىر-
كىتى» چەت ئەل بانكىلىرىدىن قەرز ئېلىش ۋە كاپىتال

بازارلىرىدىن باشقا يوللار بىلەن پۇل توپلاش ئارقىلىق پاي چېكى سېتىۋالىدۇ. بۇ پىلاننى يولغا قويۇشنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى 9 ئاي.

بۇخىل خۇسۇسىيلاشتۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ قارىشىچە ئۇ بىر تۈرلۈك رېئال ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئۆزىدىكى قىممىتى ئاشقان ۋە خەلقئارا پاي چېكى بازىرىدا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان پاي چېكىنى قايتا تەقسىملەپ باشقا مەبلەغكە ئېرىشىدۇ، ھەمدە باج يىغىۋالىدۇ، شۇنداقلا «مانجىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتىدىن پايدىغا ئېرىشىدۇ. پايدا سوممىسى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن كۆپىيىدۇ، چۈنكى شىركەت رەھبەرلىرى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئايلانغاندىن كېيىن كارخانىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «مانجىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتى تۆۋەندىكى پۇرسەتلەرگە ئېرىشتى:

- پاي چېكىنىڭ قىممىتى ئۆرلىگەندىن كېيىن يېڭى پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق يېڭى مەبلەغكە ئېرىشىدۇ؛
- يىراقنى كۆرەلەيدىغان مەبلەغ سالغۇچىلاردىن قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغ ۋە قەرز پۇلغا ئېرىشىدۇ؛

پاي سوممىسى ۋە قەرز پۇل ياكى ئېكسپورت قەرزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مالىيە خام چوتىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛

- دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ، مەزكۇر كارخانىنىڭ خىزمىتىنى دىرېكتورلار مەجلىسى، دۆلەت ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى نازارەت قىلىدۇ؛

«مانجىستاۋ نېفىت-تەبىئىي گاز» ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋە ئۇنىڭ شۆبە شىركىتى باش شىركەت بىلەن شۆبە شىركەتنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ تۆۋەندىكى پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىدۇ: پاي چېكىنى ئۆز ئارا كونترول قىلىدۇ؛ دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ؛ تەتقىقات ئىستىقبالى بولغان چوڭ لايىھەلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن گورۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆز شىركىتىنى ئالدىن مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ئۆز ئارا مال بىلەن تەمىنلەش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىدۇ؛ مۇكەممەل بولغان كادىرلار مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلىدۇ؛ مالىيە تارماقلىرى ۋە سودا شىركەتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۈزۈمى بولىدۇ.

پاي كونترول قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئىچكى قىسىمدىكى رىقابەت مېخانىزمىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىتتىپاق بولغان مېخانىزمغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ باھانى كونترول قىلىش، تېخنىكا تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىملەش جەريانىدا تېجەش پىرىنسىپى يۈرگۈزۈش، باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نورمىدىن سىرتقى چىقىمنى ئازايتىش قاتارلىقلارغا پايدىلىق.

قازاقىستان كارخانىلىرىغا پايدىسىز بولغىنى شۇكى، قازاقىستاننىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋەزىيىتى ھۆكۈمەتنى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان ساھەلەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتا مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ تۈرلۈك چىقىم مەبلىغىنىڭ (پايدا، پايدا بېجى، پاي ئۆسۈمى) دۆلەت غەزىنىسىگە ئېقىپ كىرىشىگە پايدىلىق.

بىز پەقەت ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت ۋە سانائەت پۇل-مۇئامىلە مۇتەخەسسىسلىرىدىن قازاقىستاننىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرىنى دۆلەتنىڭ نېفىت-تەبىئىي گاز سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان، دۆلەتكىمۇ، كارخانىنىڭ ئۆزىگىمۇ پايدىلىق بولغان بىرخىل ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز. (02)

# تۆت دۆلەت ھەمكارلىشىپ قاراچاغىناق نېفىتلىكىنى ئاچماقچى

رۇسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت شىركىتى «لۇك نېفىت» شىركىتىنىڭ لىدىرى ب. كالېكپېلوۋ قازاقىستاننىڭ قاراچاغىناق نېفىتلىكىدىن چىققان خام ئەشيالارنىڭ رۇسىيىنىڭ نېفىت-گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئارقىلىق توشۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن ئۇ قاراچاغىناق نېفىتلىكىنىڭ بىرقىسىم خام ئەشيالىرىنى كاسپىي دېڭىزىنىڭ نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئارقىلىق توشۇش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس دەپ قارىدى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى 2000-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ غەربىي قازاقىستاننىڭ نېفىتىنى رۇسىيىنىڭ نوۋوروسىيىسكىي رايونىدىكى ئاخىرقى بېكەتكە توشۇيدۇ. ئەمما ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە بولسا رۇسىيىدىن ئۆتىدىغان توشۇش سىستېمىسىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

1997-يىلى 11-ئاينىڭ 18-كۈنى «لۇك نېفىت» شىركىتى، ئەنگلىيىنىڭ تەبىئىي گاز شىركىتى، ئاجىپ نېفىت شىركىتى ۋە ئامېرىكىنىڭ تېكساس نېفىت شىركىتى قاراچاغىناق نېفىتلىكىنى ئېچىشنىڭ ئاخىرقى كېلىشىمىنى ۋاشىنگتوندا ئىمزالىدى، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى گور بىلەن قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەر بايېۋ ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەزكۇر تۈردە رۇسىيە شىركىتى 15% (ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تەبىئىي گاز سانائىتى شىركىتىنىڭ ئورنىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ)، تېكساس شىركىتى 20%، ئاجىپ شىركىتى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ تەبىئىي گاز شىركىتى بولسا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 32.5% ئۈلۈشكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ تۈرنىڭ سېلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسى 9 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، كان رايونىدا زاپاس مىقدارى 300 مىليون توننا بولغان نېفىت ۋە يېنىك نېفىتنى ھەمدە 500 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى ئېچىشقا بولىدۇ.

ھەمكارلىشىپ ئېچىشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تەرەققىيات مالىيە گۇرۇھى ھەريىلى 3 مىليون 600 مىڭ توننا نېفىت ۋە يېنىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى ئاندىن ئومۇمىي قېزىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، يىلىغا 8 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە يېتىشنى پىلانلىدى. 2001-يىلدىن كېيىن مەزكۇر كاننىڭ كاربون گىدرىد خام ئەشيا مەھسۇلات مىقدارى 12 مىليون تونىغا يېتىدۇ. نېفىت ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۇ چاغقا بارغاندا تەرەققىيات مالىيە گۇرۇھى ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 مىليون توننا كاربون گىدرىد خام ئەشياسىنى كاسپىي دېڭىزىدىكى نېفىت تۇرۇبا يولى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىدىكەن.

**ئارزىگۈل ئابدۇراخمان (ت)**

# جۇڭگو ـ رۇسىيە سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق

ئۆتكەنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە، جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرا سودىسى تاۋار ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاشنى ئاساس قىلغان ئاددىي سودا ۋاستىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانىدى، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ بۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى، يەنى مالغا مال ئالماشتۇرۇش ۋە ھېساباتقا خاتىرىلەشتىن ئىبارەت سودا ۋاستىسىدىن خەلقئارادىكى نەق پېرېۋوتلۇق سودا ۋاستىسىغا يۈزلەندى. مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بۇندىن كېيىن ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ زور كۆلەمدە ئېشىشىنى كۈتمەكتە.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرا سودىسى ئۇزۇندىن بۇيان 6-8 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق سەۋىيىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، 1996-يىلى زور بۆسۈش بولغانىدى، خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل ئۆلكىلىرىنىڭ رۇسىيە بىلەن چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا 3000 دىن ئارتۇق چېگرا ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى ئىمزالىنىپ، چېگرا رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. ئۆتكەن يىلى جۇڭگو-رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى ئۇچراشقاندا، ئىككى تەرەپ سودىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، زور كۆلەمدىكى ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، 2000-يىلغا بارغاندا ئىككى دۆلەتنىڭ سودا سوممىسىنى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ، قاراشتى.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۇڭگو-رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسى ئاساسەن چېگرا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى، مەركىزىي ھۆكۈمەت دەرىجىلىك سودىلار بولسا ئۇنىڭ سىرتىدا. جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرا سودىسى ئون نەچچە يىللىق ئەگرى ـ توقاي تەرەققىياتلار جەريانىدا، كەلگۈسىدىكى سودىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى، ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 4000 كىلومېتىردىن ئۇزۇن بولغان جۇڭگو-رۇسىيە چېگرىسىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ 30 دىن ئارتۇق ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىز شەھەرلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان تۆمۈريول ئېغىزى مانجۇرىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلار ھەر تۈرلۈك ئىمپورت-ئېكسپورت ئىشلىرى ۋە خادىملارنىڭ چېگرىدىن كىرىپ-چىقىش رەسمىيىتىنى تېز بېجىرىپ بېرەلەيدۇ، يىللىق مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى 20 مىليون توننىغا يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، رۇسىيىگە قارىتا چېگرا سودىسى تىجارەت ھوقۇقىغا ئىگە جۇڭگو شىركەتلىرىدىن 300 دىن ئارتۇقى بار. چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورگانلىرى رۇسىيىنىڭ چوڭ-كىچىك شەھەرلىرىگە تارقالغان بولۇپ، بازار ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش، كەسپىي دائىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا،

رۇسىيە بىلەن بولغان چېگرا سودىسى تايىنىدىغان چېگرا ئېغىزلىرى، كارخانىلار، دۆلەتتىن ھالقىغان تىجارەت تورلىرى خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشالايدىغان ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، جۇڭگو- رۇسىيە ئىككى تەرەپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارادا ئېلان قىلىنغان بەلگىلىمىگە ئاساسەن چېگرا سودا-سىياسىتىگە قارىتا زۆرۈر بولغان تەڭشەش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئېلىپ باردى. 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن ستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ رامكىدا، جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. جۇڭگو 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ خەلقئارادا ئېلان قىلىنغان بەلگىلىمە بويىچە چېگرا سودىسىنىڭ دائىرىسى ۋە باشقۇرۇش شەكلىنى قايتىدىن بېكىتتى ھەمدە 1996-يىلدىن 1998-يىلغىچە چېگرا سودىسىنى بىرقەدەر يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بىلەن يۆلەشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت -ئېكسپورت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىمپورت ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تۈرلىرى، باج نىسبىتى ۋە تاشقى سودا توختاملىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى جانلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويدى.

يېقىندا جۇڭگو-رۇسىيە ئىككى تەرەپ كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇ جۇڭگونىڭ رۇسىيىنىڭ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ جياڭسۇدا يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش، رۇسىيىنىڭ چاڭجياڭ سەنشيا بوغۇزى قۇرۇلۇشىنىڭ گېنېراتور گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشى، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىنى بەرپا قىلىپ تەبىئىي گازنى رۇسىيىدىن جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەرگە توشۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بۇ زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، جۇڭگو-رۇسىيە سودىسىنىڭ كەلگۈسىدە ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. (03)

# ئۇكرائىنانىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسى گۈللەنمەكتە

مەبلەغ كەم بولغانلىقتىن، ھەرخىل باجدىن ساقلىنىش ئىنتايىن مۇھىم، 1997-يىلى ئۇكرائىنا سانائەت مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا سېتىلىش جەريانىدا، مال ئالماشتۇرۇش سودىسى سانائەت مەھسۇلات سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %42.4نى ئىگىلىدى.

مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدا نېفىت-خىمىيە سانائىتى ئەڭ زور سانائەت تارمىقى بولۇپ %84.70نى ئىگىلەيدۇ؛ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئورمانچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قەغەز بوتقىسى ۋە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلاردا مال ئالماشتۇرۇش سودا سوممىسى ئومۇمىي سېتىش سوممىسىنىڭ %51-%60نى ئىگىلەيدۇ، سېمونت سانائىتى %73.1نى ئىگىلەيدۇ؛ ئېلېكتر تېخنىكىسى، ماشىنا، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەسۋاب ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىدە كارخانىلارنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەك مەھسۇلاتى مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئارقىلىق سېتىلىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە تراكتور، يېزا ئىگىلىك، تۆمۈر يول، كان ۋە كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ 60-70 پىرسەنت مەھسۇلاتىمۇ مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئارقىلىق سېتىلىدۇ.(01)

# رۇسىيە تېلېۋىزور سانائىتىنىڭ ئەھۋالى

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، رۇسىيە تاموژنا بېجى كومىتېتى بۇيىل 1-ئايدا تېلېۋىزور دېتاللىرىنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى بىكار قىلغان بولۇپ، ئۇ كاتود نۇرى نەيچىسى ۋە يەككە ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيە ھۆكۈمىتى يەنە خامچوتتىن 60 مىليارد ئاجرىتىشنى، ھەمدە ئىقتىسادىي مىنىستىرلىك بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 100 مىليارد رۇبلى قوشۇمچە ياردەم قىلىپ، جەمئىي 260 مىليارد رۇبلى (تەخمىنەن 45 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر) نى دۆلەت ئىچىدىكى تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىدىغان خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى 8 زاۋۇت ۋە ماگىزىنغا بېرىپ، تېلېۋىزور كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەشكە ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

رۇسىيە دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1996-يىلى رۇسىيەنىڭ تېلېۋىزور ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 310 مىڭ دانە بولۇپ، 1995-يىلدىكى 1 مىليون 7 مىڭ 500 دانە ۋە 1994-يىلدىكى 4 مىليون 400 مىڭ دانە بىلەن سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئەكسىنچە رۇسىيەنىڭ تېلېۋىزورغا بولغان ئېھتىياجى بولسا ئىزچىل ئېشىپ بارغان، يەنى 1995-يىلى 2 مىليون 500 مىڭ دانە ئىمپورت قىلىنغان بولسا، 1996-يىلى 1-ئايدىن 9-ئايغىچىلا 1 مىليون 900 مىڭ دانە ئىمپورت قىلىپ بولغان. مەبلەغكە ئېرىشكەن 8 كارخانا رۇسىيە خەلقئارا مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تېلېۋىزور دېتاللىرىنى ئىمپورت قىلىش ئارقىلىق ئەڭ تۆۋەن باھا بويىچە رىقابەت كۈچىگە ئىگە تېلېۋىزورلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى، ھەمدە دېتاللارنى ئىمپورت قىلىشنى تەدرىجىي ئازايتىپ دۆلەت ئىچىدىكى دېتال ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەشنى پىلانلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە رۇسىيەنىڭ نوپۇسى بىرقەدەر ئاز رايونلىرىدا مۇلازىمەت مەركىزى تەسىس قىلىشنى پىلانلىدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كارخانىلارغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىن سىرت، يەنە ئۇلارنى باشقا ئېتىبار ھوقۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، مەسىلەن: باج تاپشۇرۇش مۇددىتىنى ۋە قەرز بولۇپ قالغان توك پۇلى بىلەن تەبىئىي گاز پۇلىنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىش قاتارلىقلار.

رۇسىيە يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تېلېۋىزور سانائىتىنى يوقىلىشتىن ساقلاپ قېلىپ، تېلېۋىزور ئىمپورت سودىگەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھادا بازارغا سېلىشنى ھازىرقى تۆۋەن باھادا سېتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى. تېلېۋىزور دېتاللىرىنىڭ ئىمپورت بېجىنى بىكار قىلغاندا، قۇراشتۇرما تېلېۋىزورلارنىڭ پايدىسى ئىمپورت قىلىنغان تېلېۋىزورلارنىڭ پايدىسىدىن كۆپ بولۇپ، رۇسىيەنىڭ تېلېۋىزورغا بولغان يىللىق ئېھتىياجى (4 مىليون دانە) دىن قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تەخمىنەن 10% تۆۋەنلىگەن. رۇسىيە تېلېۋىزور دېتاللىرىنىڭ تەخمىنەن 5 تىن 1 ى ئىمپورت قىلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مەملىكىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان دېتاللارنى ئىمپورت قىلىنغان دېتاللارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. موسكۋا تېلېۋىزور پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ قارىشىچە،

ئەگەر مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم قىلىش پىلانى
يولغا قويۇلسا، ئۇ ھالدا رۇسىيە بۇ يىل يىل
ئاخىرىغىچە 1 مىليون دانە يېڭى تىپتىكى 5-ئەۋ-
لاد تېلېۋىزورنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ، شۇنداقلا
1998- يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 1 ھەسسە
ئاشۇرغىلى بولىدۇ، 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بار-
غاندا ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىنغان 260 مىليون
رۇبلىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالالايدۇ. ئانالىز
قىلغۇچىلارنىڭ مۆلچەرىدىن قارىغاندا، بۇندىن
كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە رۇسىيىنىڭ تې-
لېۋىزور بازارلىرىدا خېلىلا چوڭ تەرەققىيات
بوشلۇقى مەۋجۇت بولۇپ، رۇسىيىدىكى ئائى-
لىلەردە ھازىر بار بولغان تېلېۋىزورلار-
دىن تەخمىنەن 65 مىليون دانىسى بىراك
قىلىنىپ، يېڭىلىنىشقا مۇھتاج. بىر نو-
پۇزلۇق بازارنى تەكشۈرۈشتىن شۇنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رۇسىيىنىڭ تېلې-
ۋىزورغا بولغان ئېھتىياجى 5 مىليون
500 مىڭ دانە ئەتراپىدا بولۇپ،
2000-يىلغا بارغاندا 10 مىليون دانىغا
يېتىشى مۇمكىن. ئۆتكەن يىلى رۇسىيە-
نىڭ تېلېۋىزور ئىمپورتى تەدرىجىي ئې-
شىپ بارغان، 3-پەسىلدە ئىمپورت قى-
لىنغان تېلېۋىزورنىڭ مىقدارى 1-پەسىل-
دىكىگە قارىغاندا 5 ھەسسە ئېشىپ،
سوممىسى 7 ھەسسە ئارتقان. (03)

# تايلاند ئالىي دەرىجىلىك كېيىم-كېچەكلەرنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى قوللايدۇ

تايلاند سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئېكسپورتنى ئىلگىرى سۈرۈش نازارىتى تۆۋەن دەرىجە-
لىك كېيىم-كېچەكلەرنى ئېكسپورت قىلىشنى يۆلەشتىن ئىبارەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ،
بىرقەدەر يۇقىرى تېخنىكا بىلەن لايىھەلەنگەن ئالىي دەرىجىلىك كېيىم-كېچەكلەرنى
ئېكسپورت قىلىشنى قوللاش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تايلاند كېيىم-كېچەكلىرىنىڭ
خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلقئارادىكى كېيىم-كېچەك ئېكسپورت
قىلىدىغان چوڭ دۆلەت بولۇشتىن ئىبارەت ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. (03)

# موڭغۇلىيە خېرىدار چاقىرىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش كېڭىشىش يىغىنى ئاچماقچى

موڭغۇلىيە زۇڭلىسى ئېنخسخان،
موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى كېلەر يىلى دۇنيا
بانكىسى بىلەن بىرلىشىپ ئولانباتوردا
خېرىدار چاقىرىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش
كېڭىشىش يىغىنى ئېچىپ، موڭغۇلىيە-
نىڭ يېنىك سانائەت، دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق، ساياھەت كەسىپلىرى ۋە ئا-
ساسلىق تارماقلىرى ئۈچۈن تاشقى مەب-
لەغ خەلپ قىلىشنى قارار قىلدى دېدى.
(03)

# قازاقىستان تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى تەڭشىدى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى ئېلان قىلغان 922-نومۇرلۇق بۇيرۇقى ھەم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلان ۋە مونوپولىيەگە قارشى سىياسەت كومىتېتى 1998-يىلى 3-ئاينىڭ 16-كۈنى ئېلان قىلغان №1/3 نچى نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئاساسەن، «قازاقىستان تېلېگراف كەسپى» پاي شىركىتى 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ №125T — Kα3 — 00/04 نچى نومۇرلۇق باھا جەدۋىلىنى يولغا قويۇپ، تېلېفون مۇلازىمەت ھەققىنى تەڭشىدى.

## 1. تېلېفون ئاساسىي مۇلازىمەت ھەققى

| مۇلازىمەت نامى ۋە تۈرى | ئايلىق خىراجەت (تەڭگە) |
|---|---|
| **تەبىئىي شەخسلەرگە قارىتا (قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ):** | |
| پروگراممىلاشمىغان ئۇلىغۇچى تېلېفون | 340 |
| پروگراممىلاشقان ئۇلىغۇچى تېلېفون | 190 |
| پروگراممىلاشمىغان قوش مېخانىزملىق ئارقىمۇ - ئارقا ئۇلانغان تېلېفون | 210 |
| پروگراممىلاشقان قوش مېخانىزملىق ئارقىمۇ - ئارقا ئۇلانغان تېلېفون | 135 |
| **يېزىلاردا:** | |
| ئۇلىغۇچى تېلېفون | 230 |
| قوش مېخانىزملىق ئارقىمۇ - ئارقا ئۇلانغان تېلېفون | 190 |
| **قانۇنىي ئىگىلەرگە قارىتا (قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ):** | |
| خامچوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئۇلىغۇچى تېلېفونى | 580 |
| خامچوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ قوش مېخانىزملىق ئارقىمۇ - ئارقا ئۇلانغان تېلېفونى | 460 |
| خامچوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ يانداش ئۇلانغان تېلېفونى | 340 |

ئىقتىسادىي ھېسابات ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مۇلازىمەت ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1% تۆۋەنلىتىلدۇ.

## 2. دۆلەت ئىچىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ھەققى

| مۇلازىمەت تۈرى | سۆزلىشىش ۋاقتى بىر مىنۇتقا يەتمىسە، تېلېفون ھەققى بىر مىنۇت بويىچە ھېسابلىنىدۇ (تەڭگە) | | |
|---|---|---|---|
| | تەبىئىي شەخسلەر (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | خامچوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلار (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) | باشقا قانۇنىي ئىگىلەر (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) |
| 1. -100 كىلومېتىر ئارىلىق ئىچىدە (1 - تۈردىكى رايون) | 4.00 | 5.00 | 10.00 |
| 2. 101 - 300 كىلومېتىرغىچە ئارىلىق ئىچىدە (2 - تۈردىكى رايون) | 6.00 | 5.75 | 12.00 |
| 3. 301 - 600 كىلومېتىرغىچە ئارىلىق ئىچىدە (3 - تۈردىكى رايون) | 7.50 | 6.70 | 14.00 |
| 4. 601 - 1000 كىلومېتىرغىچە ئارىلىق ئىچىدە (4 - تۈردىكى رايون) | 7.80 | 7.70 | 16.00 |
| 5. 1001 - 3000 كىلومېتىرغىچە ۋە 3001 كىلومېتىردىن يۇقىرى ئارىلىق ئىچىدە (5 - تۈردىكى رايون) | 8.20 | 9.00 | 17.50 |
| 6. قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىن باكونۇر شەھىرىگە | 12.00 | 6.70 | 20.00 |
| 7. قازاقىستاننىڭ باشقا رايونلىرىدىن باكونۇر شەھىرىگە | 29.50 | 16.40 | 49.00 |

# ئۇكرائىنا كونا ئاپتوموبىللارنىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈردى

ئۇكرائىنا 1998-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا «كونا ئاپتوموبىللارنى ئىمپورت قىلىشتا تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش» ھۆكۈمەت بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى. مەزكۇر بۇيرۇققا ئاساسەن، ئىشلىتىلگەنلىكىگە بەش يىلدىن ئاشقان كونا ئاپتوموبىللارنى ئىمپورت قىلغاندا تاموژنا بېجى ئۆستۈرۈلىدۇ. مەزكۇر ھۆكۈمەت بۇيرۇقى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى زور ئىجتىمائىي بېسىم ئاستىدا ئىمزالانغان، چۈنكى ئۇكرائىنا بازارلىرىدا كونا ئاپتوموبىللارنىڭ يىللىق سېتىلىش مىقدارى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. «دايۇ» ئاپتوموبىل شېرىكلەشكەن شىركىتى 98-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ يۈزلىنىدىغان ۋەزىپە: يىل ئاخىرىغىچە 40 مىڭ دانە كىچىك ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. (01)

# قازاقستاننىڭ بىر قىسىم تاۋارلىرىنىڭ باھاسى

قازاقستاننىڭ خەلقئارا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بېرژىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئاشلىق سېتىۋالىدىغان خېرىدار يەنىلا رۇسىيە بولۇپ، 1998-يىلى 2-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دېگۋار تۈزگەن 36 مىڭ توننا ئاشلىقنىڭ 34 مىڭ تونىنسى 3-دەرىجىلىك يۇمشاق بۇغداي، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى رۇسىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. رۇسىيە ـ قازاقستان چېگرىسىدىكى توبول ۋوگزالىدا ھەر بىر توننا بۇغداينىڭ مال تاپشۇرۇش باھاسى 112 ئامېرىكا دوللىرىدىن 125 ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولۇپ، كونكرېت باھاسى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئورنىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. 1997-يىلى 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىران ۋە ئېستونىيىگە توشۇلىدىغان ئارپىنىڭ چېگرا ئېغىزىدىن چىقىش باھاسى 70-85 ئامېرىكا دوللىرى (بۇمۇ ئاشلىق ئامبىرىدىن چېگرا ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ) ئىدى، 1998-يىلى 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بولسا تۈركىيىگە توشۇلىدىغان ئارپىنىڭ چېگرا ئېغىزىدىكى باھاسى 110 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى.

جۇڭگو ئەزەلدىنلا تېرە ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالىدىغان دۆلەت بولۇپ، 1998-يىلى 2-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جەمئىي 51 مىڭ 300 پارچە كالا تېرىسى، 50 مىڭ پارچە قوي تېرىسى، 16 مىڭ 700 پارچە ئات تېرىسى سېتىۋالدى. تېرىلارنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن ھەربىر پارچە كالا تېرىسىنىڭ باھاسى 13.3 ـ 21.64 ئامېرىكا دوللىرىغىچە، قوي تېرىسىنىڭ باھاسى 1.16 ـ 2.29 ئامېرىكا دوللىرىغىچە، ئات تېرىسىنىڭ باھاسى بولسا 12.6 ـ 15.67 ئامېرىكا دوللىرىغىچە قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇ 1997-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى باھاغا قارىغاندا سەللا تۆۋەن. 1997-يىلى يىل ئاخىرىدا ھەر تونىسىنىڭ ساپ يۇڭ نىسبىتى 55% بولغان، يۇيۇلمىغان يېرىم ئىنچىكە تالالىق يۇڭنىڭ باھاسى 880 ئامېرىكا دوللىرى، توم تالالىق ئۆچكە يۇڭىنىڭ باھاسى بولسا 700 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. قىرغىزىستانغا توشۇلىدىغان كىرىسىننىڭ ھەربىر تونىسىنىڭ باھاسىمۇ 160 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى.

1998-يىلى 3-ئايدا قىرغىزىستان قازاقستاندىن ھەرتونىسى 225 ئامېرىكا دوللىرلىق باھا بويىچە ماشىنىغا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىندىن 1000 توننا سېتىۋالدى، بۇنى 1997-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى باھا بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە پەرق يوق.

مۇنەۋۋەر داۋۇت (ت)

# روسىيىنىڭ ئېسپىرت مەھسۇلاتلىرىغا قاراتقان يېڭى باھا ئۆلچىمى

روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى 1182 ـ نومۇرلۇق «روسىيە پۇلىنىڭ بەلگىلەنگەن باھاسىنى ۋە باھا ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتىش چارىلىرى» توغرىسىدىكى قارارىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى NM—9 نومۇرلۇق كېلىشىمدە يېڭى باھا ئۆلچىمىگە ئاساسەن، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاق ھاراق، مەي ۋە باشقا ئېسپىرت تەركىبى 28% تىن ئېشىپ كەتكەن مەھسۇلاتلارنى تۆۋەندىكى باھا بويىچە سېتىشنى بەلگىلىدى:

ـ ئېسپىرت تەركىبى 28% تىن ئېشىپ كەتكەن، روسىيىدە ئىشلەنگەن ئاق ھاراق ۋە مەينىڭ ھەربىر لىتىرىنىڭ باھاسى 28 رۇبلى (قاچىلانغان بوتۇلكىنىڭ باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) . توپ ۋە پارچە سېتىلىش باھاسى بولسا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 30-40 رۇبلى ۋە 33 رۇبلى (قاچىلانغان بوتۇلكىنىڭ باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) .

ـ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە ئىشلەنمىگەن، ئىمپورت قىلىنغان، ئېسپىرت تەركىبى 28% تىن ئېشىپ كەتكەن ئاق ھاراق، مەي ۋە باشقا ئېسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنىڭ پارچە ۋە توپ سېتىلىش باھاسى ھەر لىتىرى 44 رۇبلى (قاچىلانغان بوتۇلكىنىڭ باھاسىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ) .

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى روسىيىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرلىكىدە رويخەتكە ئېلىنغان روسىيە ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ 1996 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى 1218 /7/ 477 ـ CB نىچى نومۇرلۇق خەت-ئالاقىسىدا ئېسپىرت تەركىبى 28% تىن ئېشىپ كەتكەن ئاق ھاراق، مەي ۋە باشقا ئېسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىلىش باھاسىغا قارىتا بەلگىلىمە بەلگىلىدى ۋە ئىزاھات بەردى.

روسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى 1182 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، بارلىق ئورگانلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي شەكلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كارخانا باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۇقرالار 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېڭى باھا ئۆلچىمى ۋە روسىيە ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى RY — 3 نومۇرلۇق كېلىشىمى ھەم روسىيە ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى 190 ـ 120/7 ـ CB نىچى نومۇرلۇق خەت-ئالاقىسىدا بەلگىلەنگەن كونا باھا ئۆلچىمى بويىچە ئېسپىرت تەركىبى 28% تىن ئېشىپ كەتكەن ئاق ھاراق، مەي ۋە باشقا ئېسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا بولىدۇ.

روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى

ب. ن. ئورگۇنوۋ (03)

# تەڭگە بىلەن تاشقى پېرېۋوتنىڭ نىسبىتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسىنىڭ 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېلان قىلغان شۇ كۈنلۈك ھېسابات ۋە تاموژنىغا تۆلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قازاقىستان تەڭگىسىنىڭ 33 خىل چەت ئەل پۇلى بىلەن بولغان پېرېۋوت نىسبىتى تۆۋەندىكىچە:

| مىقدارى | چەت ئەل پۇلىنىڭ نامى | پېرېۋوت نىسبىتى |
|---|---|---|
| 1 | ئاۋستىرالىيە دوللىرى | 51 تەڭگە 84 تىيىن |
| 1 | ئاۋستىرىيە شىللىڭى | 6 تەڭگە 11 تىيىن |
| 1 | ئانگولا كۋانزاسى | 126 تەڭگە 82 تىيىن |
| 10 | بېلگىيە فرانكى | 20 تەڭگە 40 تىيىن |
| 1 | گوللاندىيە گۇلدېرى | 37 تەڭگە 54 تىيىن |
| 10 | گرېتسىيە دراخماسى | 2 تەڭگە 66 تىيىن |
| 1 | دانىيە كروناسى | 11 تەڭگە 4 تىيىن |
| 1 | ئامېرىكا دۆللىرى | 76 تەڭگە 40 تىيىن |
| 1 | ئىرېلاندىيە پوندى | 104 تەڭگە 14 تىيىن |
| 10 | ئىسپانىيە پېزېتاسى | 4 تەڭگە 97 تىيىن |
| 100 | ئىتالىيە لىراسى | 4 تەڭگە 28 تىيىن |
| 1 | كانادا دوللىرى | 53 تەڭگە 65 تىيىن |
| 1 | كۇۋەيت دىنارى | 250 تەڭگە 37 تىيىن |
| 1 | گېرمانىيە ماركى | 42 تەڭگە 68 تىيىن |
| 1 | نورۋېگىيە كروناسى | 10 تەڭگە 8 تىيىن |
| 10 | پورتۇگالىيە ئېسكۇدوسى | 4 تەڭگە 11 تىيىن |
| 1 | سىنگاپور دوللىرى | 47 تەڭگە 19 تىيىن |
| 1000 | تۈركىيە لىراسى | 0 تەڭگە 33 تىيىن |
| 1 | فىنلاندىيە ماركى | 13 تەڭگە 86 تىيىن |
| 1 | فرانسىيە فرانكى | 12 تەڭگە 61 تىيىن |
| 1 | شۋېيتسىيە كروناسى | 9 تەڭگە 55 تىيىن |

| | | |
|---|---|---|
| 1 | شۋېيتسارىيە فرانكى | 52 تەڭگە 70 تىيىن |
| 10 | ياپونىيە يېنى | 6 تەڭگە 16 تىيىن |
| 1 | جۇڭگو خەلق پۇلى (يۈەن) | 9 تەڭگە 23 تىيىن |
| 1 | ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئېكيۇسى | 83 تەڭگە 14 تىيىن |
| 1 | ئالاھىدە پۇل ئېلىش ھوقۇقى | 102 تەڭگە 76 تىيىن |
| 1 | قىرغىزىستاننىڭ سومى | 4 تەڭگە 28 تىيىن |
| 1 | لاتۋىيەنىڭ لاتى | 129 تەڭگە 49 تىيىن |
| 1 | لىتۋانىڭ لىتى | 19 تەڭگە 10 تىيىن |
| 1 | مولداۋىيەنىڭ لېتى | 16 تەڭگە 29 تىيىن |
| 1 | روسىيىنىڭ رۇبلىسى | 13 تەڭگە 00 تىيىن |
| 1 | ئۇكرائىنانىڭ گرىۋناسى | 39 تەڭگە 65 تىيىن |
| 1 | ئېستونىيەنىڭ كروناسى | 5 تەڭگە 33 تىيىن |

# قازان تىك ئۇچار ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتى

قازان تىك ئۇچار ئايروپىلان زاۋۇتى يېقىندا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «ئاق تاي» يېنىك تىپتىكى تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، نۆۋەتچىلىك قىلىش، ھاۋادا نازارەت قىلىش، مەخسۇس خەت توشۇش، يېزا ئىگىلىك، داۋالاش ۋە ساقلىق ساقلاش، چارلاش، ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى جىددىي يۆتكەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ. مەزكۇر تىك ئۇچار ئايروپىلانغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قورال ياكى يېنىك تىپتىكى قوراللارنى ئورنىتىشقا بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 8.5 مېتىر بولغان، پەقەت 3 كىشىلا ئولتۇرالايدىغان بۇ خىل يېنىك تىپتىكى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى سائىتىگە 190 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇچۇش ئېگىزلىكى 4700 مېتىرغا يېتىدۇ، بىرقېتىم ماي قاچىلىسا 600 كىلومېتىر ئۇچالايدۇ، ھاۋادا ئۇچۇش ۋاقتى 6 سائەتكە يېتىدۇ، يۈك بېسىش مىقدارى 300 كىلوگىرامغا بارىدۇ. مەزكۇر ئايروپىلاننىڭ دىۋىگاتېل ماتورى ۋولگا ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ماشىنىلارغا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىن دىۋىگاتېلى BA3 — 426 دىن ئىبارەت. «ئاق تاي» يېنىك تىپتىكى تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئىقتىدارى فرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ئوخشاش تۈردىكى ھاۋادا ئۇچۇش ئەسۋابلىرىدىن قېلىشمايدۇ، ئەكسىنچە باھاسى ئۇلارنىڭكىدىن ئەرزان بولۇپ، پەقەت 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغىلا سېتىۋېلىنغىلى بولىدۇ، فرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ بولسا ئادەتتە 3 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن بولمايدۇ. (03)

# 1998-يىلى ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادى 1.5% تۆۋەنلەيدۇ

ئۇكرائىنا ئىقتىسادى قەرز، ئېنېرگىيە ۋە مالىيەدىكى قىزىل رەقەمدىن ئىبارەت ئېغىر يۈك بىلەن 1998-يىلىغا قەدەم قويدى. ئۇكرائىنانىڭ «كەلگۈسىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارا مەركىزى»دىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، 1997-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ئۇكرائىنانىڭ ماكرو ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە مالىيە ئەھۋالى ياخشىلانمىغانلىقتىن، 1998-يىلى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1.5% تۆۋەنلەيدىكەن، شۇنداقلا خام چوتتىكى قىزىل رەقەم ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 4.5% نى ئىگىلەيدىكەن.

1997-يىلى ئۇكرائىنانىڭ خەلق ئىگىلىكىدە مېتاللۇرگىيە سانائىتى ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر ئاشقاندىن باشقا ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى.

دۇنيا پۇل- مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغىچە 2.25 گرىۋنانى (ئۇكرائىنانىڭ پۇل بىرلىكى) بىر ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ (ھازىر بىر ئامېرىكا دوللىرىنى 1.94 گرىۋناغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ). پۇلنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پاخاللىشىش نىسبىتى 18% كە (97-يىلى 10.1% ئىدى) يېتىدۇ. ئۇكرائىنادىكى ئالىملار، 1998-يىلى ئۇكرائىنانىڭ ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەپ: بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئىچكى ۋە تاشقى قەرزى بار، ئۇكرائىنادىكى ئۈچتىن بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ ھەممىسى زىيان تارتىش ھالىتىدە تۇرماقتا، بۇ ئەھۋاللار چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچى، مالىيە قىيىن ھالەتتە تۇرغاچقا پىرپۇوت نىسبىتى ۋە مال باھاسى سىرتقى بېسىم كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۆۋەنلىمەستىن ئەكسىچە ئۆرلەيدۇ، ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى غايەت زور قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن جاپا مۇشەققەتتە ساقلاپ كېلىۋاتقان پۇل مۇئامىلە مۇداپىئەلىنىيىسى قاتمال ھالەتتە تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل مۇئامىلە تەدبىرلىرى جەھەتتە ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى ئۈزلۈكسىز چىڭ سىياسەت قوللىنىدۇ دېدى. 1997-يىلى ئۇكرائىنا دۆلەت بانكىسىنىڭ قەرز ئۆسۈمى داۋاملىق ئۆرلەپ، قەرز پۇل بېرىش دائىرىسى بۇنىڭغا ماس ھالدا كىچىكلىدى، مانا بۇ مەزكۇر سىياسەتنىڭ گەۋدىلىنىشى.

ئۇكرائىنا ئىقتىسادى داۋاملىق كرىزىسقا ئۇچرىغانلىقتىن چەت ئەل كاپىتالىنى كىرگۈزۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇش ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ قەرز پۇل بېرىش شەرتىنىڭ بېسىمى بىلەن، ئۇكرائىنا ھۆكۈمە-

تى 1997ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ ئىلاستىكلىق پۇل سىياسىتىنى يولغا قويدى، شۇنداقلا 1998ـ يىلىدىن باشلاپ تاشقى پېرېۋوت كاردورىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى، گرىۋنانى ئامېرىكا دوللىرىغا پېرېۋوت قىلىشتىكى ئەڭ يۇقىرى چەكنى بىر ئامېرىكا دوللىرىنى 2.25 گرىۋناغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان قىلىپ بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇكرائىنادىكى ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرى، بۇنىڭ زور تەۋەككۈلچىلىكى بار بولۇپ، پۇل پاخاللىشىشىنىڭ قايتا ئۆرلىشىنى ۋە ئىستېمال باھاسىنىڭ داۋاملىق ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، بۇ ئەھۋال ئىشلەپچىقىرىشقا زەربە بېرىدۇ، قاتتىق پۇلپەرەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويغاندا ئەكس تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ئېكسپورتقا پايدىلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە، 1998ـ يىلى ئۇكرائىنا ئىقتىسادىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پەقەت ئۇكرائىنانىڭ ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك دەيدۇ.

1ـ ھۆكۈمەت ئىقتىسادقا قارىتا يولغا قويغان ھەرخىل ھۆكۈمەت بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، كارخانىلارنىڭ ئەركىن تىجارەت قىلىشىغا، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەركىن تىجارەت قىلىشىغا ھەقىقىي يول قويۇشى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك (ھازىر غەرب سودىگەرلىرى ئۇكرائىنانى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئەڭ تەس بولغان تەۋەككۈلچىلىكى يۇقىرى دۆلەت دەپ قارىماقتا).

2ـ 1998ـ يىلى پىلان بويىچە پۇل بىلەن سېتىۋېلىش شەكلىدىكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلەت خام چوتىدىكى قىزىل رەقەمنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش كىرىمى ئارقىلىق تولۇقلاش كېرەك (قىزىل رەقەم تەخمىنەن 2 مىليارد گرىۋناغا يېتىدۇ).

3ـمەبلەغ سېلىش سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئارقىلىق، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ ئۇكرائىنانى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش، بۇ ئارقىلىق چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى ئازايتىش ۋە چەت ئەللەرنىڭ بىۋاستە مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

ئۇكرائىنادىكى ئالىملار ئۇكرائىنا ھازىر سىياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدىغان ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا دەپ، قارىماقتا. ھازىر ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى ۋە زىگنوگى ئېغىر ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە، ئۇلار بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇكرائىنا ئىقتىسادىنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياخشىلاپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ، كونسايىن ئۇلغۇيىۋاتقان نارازى بولۇش كەيپىياتىنى ئوڭشاپ، ئىسلاھاتنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويمايدۇ. (01)

# رۇسىيىنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرىدىن يەنە ئۈمىد بار

رۇسىيىنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسى
ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال مەبلەغ
كەمچىل، تەشكىلىي تۈزۈلمىسى تارقاق
بولۇشتىن ئىبارەت، بىراق ھەرقايسى تە-
رەپلەرنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى
ئارقىسىدا پەن-تېخنىكا يەنىلا دۆلەتنىڭ
قىممەتلىك مۈلكى بولالايدۇ. 1991-يىلى
سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن
رۇسىيىنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىگە ئاج-
رىتىلغان پۇلى ئىلگىرىكىنىڭ پەقەت 1/4 گىلا
توغرا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 4500
پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ 4/1دىلا
خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى،
ئەمما خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قوي-
غان پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بازار شا-
رائىتىدا ھايات كەچۈرۈش ئىقتىدارىغا
ئىگە ئەمەس، دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم
پۇلىغا تايىنىپلا ياشايدىغان ئورۇنلارنىڭمۇ
كۆپ كەچۈرۈشى قىيىن. رۇسىيىنىڭ
پەن-تېخنىكا ئىسلاھاتىدا مۇھىم رول
ئويناۋاتقىنى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى
مۇستەقىل ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان ھەم
ئۆزىنىڭ رىقابەت مېخانىزمىنى ئىلىم-پەن
ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن سىستېمىلار-
دۇر. ئاجرىتىلغان پۇلغا ئېرىشەلمەيدىغى-
نى ھامان بىرقەدەر ئىستىقبالغا ئىگە تۈر-
لەردۇر. بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان
ئورۇن-رۇسىيە ئاساسىي تەتقىقات فوندى
جەمئىيىتىدۇر. بىراق ئۇلارنىڭ خىزمەت
ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئەمەس، چۈنكى
دۆلەت خامچوتىدىن ئىلىم-پەنگە ئاجرى-
تىلغان پۇلى ئاران 6%، ئامېرىكىنىڭ
خەلقنى مەقسەت قىلغان پەن تەتقىقات خىزمە-
تىنىڭ 90%نى مۇستەقىل ئىشلەيدىغان سىس-
تېمىلار مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىراق رۇسىيىدە ئامېرىكىنىڭ تەجرىبىلە-
رىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەس، بۇنىڭ سەۋەبى
ئىقتىساد ئاجىز، شىركەت، كارخانىلارمۇ يېڭى
مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىرى ئېچىشقا يول قويۇلماي-
دۇ. ئۆز دۆلىتىنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ تە-
ۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن قورقىۋاتقان ئەھۋال
ئاستىدا، رۇسىيە چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچى-
لار ئۈچۈن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان باج
سىياستى ۋە «ئەقلىي ئىقتىدارى ھوقۇقى قانۇ-
نى»نى تۈزۈپ چىقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەن
تەتقىقات ساھەسىدە بىرقەدەر تەشەببۇسكار ئو-
رۇندا تۇرىۋاتقىنى چەت ئەل شىركەتلىرى.
غەربنىڭ قانۇن ئېڭىغا ئىگە چەت ئەل شىركەت-
لىرى كەشپىيات ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلغاندا،
رۇسىيىلىكلەر ئۇلارنى «قاقتى-سوقتى» قىلىۋا-
تىدۇ، دەپ ئەيىپلىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا،
رۇسىيە شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ئاسىيادىكى
«تۆت كىچىك يولۋاس» نىڭ تەجرىبىلىرىنى
ئۆگىنىشى كېرەك، ئۇلاردا گەرچە داڭلىق ئالىم-
لار بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار غەربتىكى دۆلەتلەر-
نىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پاي-
دىلىنىپ يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت ئاساس-
نى بەرپا قىلدى. ئەگەر رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادى
ۋە پەن-تېخنىكىسى ئاخىرقى ھېسابتا بازارنىڭ
ئېھتىياجىغا ماسلىشالىسا، ئاندىن ئۆز ئارا تە-
رەققىي قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس يا-
رىتالايدۇ. (02)

# قازاقىستان تاشقى سودىدىكى تېخنىكا ئۆلچىمىنى خەلقئارالاشتۇردى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭلىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مەزكۇر دۆلەت ئۆلچەم گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى خەلقئارا تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قارار قىلدى.

ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە باشقا مەركىزى ئىجرائىيە ئورگانلىرى بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، 1998-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئىلگىرى ھازىرقى مەھسۇلات، تېخنولوگىيىلىك جەريان ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى جەھەتتىكى ئۆلچەمگە قارىتا تەھلىل -تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلچەم، ئۆلچەم سىستېمىسى ۋە گۇۋاھلىق بېرىش ئىشخانىسىغا خەلقئارا تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات، قۇرۇلۇش ھەم ئەمگەك مۇلازىمىتى جەھەتتىكى گۇۋاھلىق بېرىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش كېرەك.

ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە باشقا مەركىزىي ئىجرائىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ئۆلچەملەشكەن سىستېمىسىنىڭ تەلىپى ۋە بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە خەلقئارا (رايونلۇق) ئۆلچەم، چەت ئەلنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى ھەم باشقا ئۆلچەملىك ھۆججەتلەرنى بىۋاستە قوللىنىشى، شۇنداقلا 1997-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن ئىلگىرى ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلچەم، ئۆلچەم سىستېمىسى ۋە گۇۋاھلىق بېرىش ئىشخانىسىغا «ئۆلچەملەشكەن گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن پروگراما بويىچە تەستىقلانمىغان ۋە رويخەتكە ئېلىنمىغان دۆلەت ئۆلچىمىنى تاپشۇرۇش كېرەك.

ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە باشقا مەركىزى ئىجرائىيە ئورگانلىرى مەھسۇلات، قۇرۇلۇش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىگە دائىر قانۇن لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى، ئۆلچەملىك ھۆججەت ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلچەم، ئۆلچەم سىستېمىسى ۋە گۇۋاھلىق بېرىش ئىشخانىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كېڭەش بىلەن بىردەك بولۇشى، شۇنداقلا «ئۆلچەملەشكەن گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى قانۇنى» بىلەنمۇ ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلچەم، ئۆلچەم سىستېمىسى ۋە گۇۋاھلىق بېرىش ئىشخانىسى 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئىلگىرى دۆلەت ئۆلچىمى ۋە گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنى خەلقئارا تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1998-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئىلگىرى كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات، قۇرۇلۇش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىگە مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئۆلچىمىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەم تولۇقلىما بېرىشى كېرەك.

ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكى بىلەن ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 1998-يىلى 1-ئاينىڭ 1-

كۈنىدىن ئىلگىرى «ئۆلچەملەشكەن گۈۋاھلىق بېرىش قانۇنى»غا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان قانۇن ھۆججەتلىرىگە قارىتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك.

زۇڭگلى ئىشخانىسى زۇڭگلىنىڭ مەزكۇر بۇيرۇقىغا ئىزاھات بەردى. مەھسۇلات، قۇرۇلۇش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۆلچىمى بىلەن گۈۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى خەلقئارا تەلەپكە ۋە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلار چەت ئەللەر بىلەن دۆلەتكە پايدىلىق بولغان ئۈنۈملۈك سودا ئېلىپ بارالمىدى. كارخانىلار خەلقئارا ئۆلچەم ۋە تەلەپنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ، پاختا، يىپەك، نېفىت قاتارلىق دۆلەت بايلىقلىرىنى ئەڭ ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا لاياقەتسىز، ناچار تاۋارلارمۇ دۆلەت ئىچى بازارلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن بېسىپ كىردى. زۇڭگلىنىڭ بۇ بۇيرۇقى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە گۈۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، كىچىك كۆلەمدىكى تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي گەۋدىسىنى قۇرۇشنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەزكۇر بۇيرۇقتا ئېيتىلغان بەلگىلەنگەن پروگراما بويىچە تەستىقلانمىغان ۋە دۆلەتنىڭ رويخېتىگە ئېلىنمىغان دۆلەت ئۆلچىمى ئاساسلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك مالىيە ستاتىستىكىسى، مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى ۋە ئورگان تۈزۈلمىسىنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىگە قارىتىلغان. (03)

# قازاقىستان كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى تارقاتتى

1998-يىلى 1-ئاينىڭ 19-كۈنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىدىغان يېڭى بىر تۈركۈم ئىجازەتنامىلەرنى تەستىقلىدى، بۇ ئىجازەتنامىلەر تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا تارقىتىپ بېرىلدى:

— «دوسبول» ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئۇنىڭ جامبۇل ئوبلاستىدىكى رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدىكى ئايرۇكت كېنىدىن كاربون — ھىدروگېن خام ئەشياسىنى قېزىشقا شۇنداقلا جامبۇل ئوبلاستى تەۋەلىكىدىكى باشقا رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدىكى كاربون — ھىدروگېن خام ئەشيالىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلدى؛

— «ئى — ئېي — ئاي» ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئۇنىڭ قاراغاندا ئوبلاستىدىكى ئالايگىر — سامېنت كېنىدىكى مىس، كۈمۈش، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنىك، مولىبدېن ۋە باشقا تەركىبلەرنى چارلاپ تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى:

— «نامىس» پاي شىركىتى، ئۇنىڭ ئالما-ئاتا ئوبلاستىدىكى ئارقاناكت كان رايونىدىكى ئالتۇننى، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدىكى سىياۋۇر — مانلاكسك كېنى ۋە چىنگىز — تارباغاتاي كېنىدىكى مىس بىلەن ئالتۇننى چارلاپ تەكشۈرۈشكە ھەم شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدىكى ئاقتوقاي كېنىدا مىس قېزىشقا رۇخسەت قىلدى (03)

# تاجىكىستانلىقلار ئىسلاھاتقا ئىشەنمەكتە

خەلقئارا سايلام فوندى جەمئىيىتىنىڭ تاجىكىستاندا ئاممىنىڭ رايىنى سىناش نەتىجىسى دۈشەنبىدە ئېلان قىلىندى. 1500 قېتىملىق مۇستەقىل زىيارەت قىلىش تاجىكىستاندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئېلىپ بېرىلدى. خەلقنىڭ رايىنى سىناش نەتىجىسى تاجىكىستان ئاھالىلىرىنىڭ ئىقتىسادنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دەرىجىسى ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئارزۇسى بىخەتەرلىككە كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خەلقنىڭ رايىنى سىناش نەتىجىسى يەنە تاجىكىستاننىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىساد جەھەتتە خەۋپنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. %29 جاۋاب بەرگۈچى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ «ئىنتايىن ناچار» ئىكەنلىكىنى، %28 جاۋاب بەرگۈچى تۇرمۇشىنىڭ «بىرقەدەر ناچار» ئىكەنلىكىنى، %77 جاۋاب بەرگۈچى تاجىكىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىقتىساد مەسىلىسى (%63) سىياسەتنىڭ تۇراقلىق بولماسلىقى ۋە بىخەتەر بولماسلىقتەك (%44) ئەھۋاللار كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئاساسلىق سەۋەپتۇر. شۇڭا، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. مەسىلەن: كۆپ ساندىكى جاۋاپ بەرگۈچىلەر (%62) «ئائىلىمىز بىر نەچچە ئايدىن بېرى يېتەرلىك ئاشلىق سېتىۋېلىپ باقمىدى» دېگەن كۆز قاراشقا «تامامەن قوشۇلىدۇ».

يەنە كۆپ ساندىكى جاۋاب بەرگۈچىلەر (%48) تاجىكىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى «ئاكتىپلىق»، يەنە %37 جاۋاپ بەرگۈچى مۇستەقىل بولۇش «پاسسىپلىق» دەپ قارايدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدىغىنى، يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەرگەن ئاممىنىڭ %85ى جۇمھۇرىيەت مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى دەپ، قارايدۇ. يەنە بىر قىزىقارلىق ئەمەلىيەت، تاجىكىستان رەسمىي مۇستەقىل بولدىمۇ يوق دېگەن مەسىلىدە جاۋاپ بەرگۈچىلەرنىڭ كۆز قارىشى ئىككى خىل بولۇپ چىقتى. %37 جاۋاپ بەرگۈچى تاجىكىستان دېموكراتىك دۆلەت دەپ قارىسا، يەنە %44 جاۋاپ بەرگۈچى تاجىكىستاننى دېموكراتىك دۆلەت ئەمەس دەپ قارىدى. ئەركىن بازار ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە زىيارەت قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ قىزىقارلىق مەسىلە بولدى. %48 ئاما تاجىكىستاندا ئىسلاھات توختاپ قالدى دەپ قارىدى. %65 جاۋاب بەرگۈچى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا خىزمەت قىلىدىغانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى كونترول قىلىشنى قوللايدۇ. ئىسلاھاتنىڭ يۆنىلىشى ئەڭ چوڭ مەسىلە. %81 جاۋاپ بەرگۈچى تاجىكىستاننىڭ سىياسەت، ئىقتىساد ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا %48 جاۋاپ

بەرگۈچى ھۆكۈمەت تاجىكىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ، قارايدۇ.

ئىلگىرىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، خەلقئارادا سايلام فوندى جەمئىيىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر جاۋاپ بەرگۈچىلەرنى تۆۋەندىكىدەك بەش گۇرۇپپىغا بۆلدى:

1. «ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان دېموكراتلار» (20%) تاجىكىستان دېموكراتىك دۆلەت، ھازىرقى ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى ۋەكىللەر پارتىيىنىڭ تۈزۈملىرىنى ھىمايە قىلىدۇ.

2. «لىبېراللار» (16%) ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەرەققىياتىغا نىسبەتەن نارازى بولۇپ، پارتىيىنىڭ تۈزۈملىرىنى زورمۇ زور ھىمايە قىلىدۇ.

3. «غەيرىي دېموكراتلار» (14%)نىڭ قىزغىنلىقى دېموكراتلارنىڭكىدەك ئۈستۈن ئەمەس، ئۇلار ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىدىن ئىنتايىن نارازى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تاجىكىستان دېموكراتىك دۆلەت ئەمەس.

4. «ئۈمىدكە تولغان پراگماتىزملار» (17%) بۇلار ھۆكۈمەت ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارغا باھا بەرمەيدۇ، دېموكراتىك دۆلەتتە ياشاۋاتىمىز دەپ قارايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىدىن نارازى ئەمەس، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ سۈرئىتىگە نىسبەتەن سەۋرچان ئەمەس.

5. «گاڭگىراپ قالغانلار» ئەھۋالنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى يوق. دۆلەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار. شۇڭا خەلقئارا سايلام فوندى جەمئىيىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقاندەك، ھۆكۈمەتنى قوللىغۇچىلاردىن يىراقلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، تاجىكىستان ھۆكۈمىتى ئۈنۈملۈك سىياسەت قوللىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتنى قوللاش كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. (01)

# ئەزەربەيجاننىڭ نېفت - تەبىئىي گازنى ئېچىش مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى

ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفت شىركىتى ئېلان قىلغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1997-يىلى 9-ئايدا ئەزەربەيجاندا قېزىلغان نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ مىقدارى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 8-ئايدىكىگە قارىغاندا 2.3% (748 مىڭ 700 توننا)، ۋە 2.5% (476 مىليون كۇب مېتىر) تۆۋەنلىگەن بولۇپ، شۇ ئايلىق پىلاننىڭ 100.6% ۋە 89%ىگە تەڭ بولغان. 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا قېزىلغان نېفتنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 6 مىليون 746 مىڭ توننىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 1996-يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 67 مىڭ 200 توننا ئاز بولغان. تەبىئىي گاز ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليارد 498 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 96-يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 260 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر ئازايغان. 1997-يىلى ئەزەربەيجان 9 مىليون توننا نېفت قېزىشنى پىلانلىدى، 1996-يىلى قېزىلغان نېفتنىڭ مىقدارى 9 مىليون 100 مىڭ 324 توننا ئىدى. (01)

# تاجىكىستان ھۆكۈمىتى ئۆز خىزمىتىدىن نارازى

تاجىكىستان ھۆكۈمىتى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەرەققىياتىدا نۇرغۇنلىغان مىنىستىرلىك ۋە مىنىستىرلىكلەر قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ خىزمىتى كىشىنى رازى قىلالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

گەرچە 1996-يىلى دۆلەت پۇلى مۇقىملاشقان، پۇل پاخاللىقى ئازايغان، ئاشلىق مەھسۇلاتى كۆپەيگەن بولسىمۇ لېكىن ئىقتىساد يەنىلا كرىزىستىن قۇتۇلغىنى يوق. نۇرغۇنلىغان ئورۇنلار (يېزا ئىگىلىك، قاتناش ۋە ئالاقە ئورۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە تېخنىكا كۈچى كەم بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش داۋاملىق تۆۋەنلىمەكتە. خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىشىمۇ توختىغىنى يوق، ئۇ 1995-يىلىدىكى سەۋىيىنىڭ 82.3% گە يەتتى. مائاشنىڭ تارقىتىلىشى ۋە باشقا چىقىملار داۋاملىق ئارقىغا سۈرۈلۈپ، نەتىجىدە 1996-يىلدىن باشلاپ 6 مىليارد 100 مىليون تاجىكىستان رۇبلىسى نەقلەشتۈرۈلمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلىشىچە، 1996-يىلىدىكى نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان رەھبەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان مىنىستىرلىك ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورۇنلار ھەم مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خىزمەت ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. بۇخىل ھادىسىلەر ئىقتىسادنى تەرتىپكە سېلىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كېچىكتۈرگەن، بولۇپمۇ ئۆز ئارا ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق، باجنى تولۇق تاپشۇرماسلىق، خۇسۇسىيلىشىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇ جەھەتتە، تاجىكىستان ھۆكۈمىتى بىرتۈرلۈك ئالاھىدە قارارنى ئېلان قىلىپ، مالىيە مىنىستىرلىكى ھۆكۈمەت چىقىمىنى قاتتىق كونترول قىلىش، مالىيە تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى.

ھەرقايسى مىنىستىرلىك ۋە دۆلەت كارخانىلىرى ھۆكۈمەتكە تۆۋەندىكى پىلانلارنى تاپشۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ: كالاي - قۇم تاش يول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، قاتتىق جىسىم يېقىلغۇ ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىش، يېقىلغۇ ئېنېرگىيە تارماقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەككە سەھىيە ۋە مائارىپ تارماقلىرىنى قايتا قۇرۇپ پايدىلىق كارخانىلارغا ئايلاندۇرۇش، تاشقى سودىدا تاجىكىستاننىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش لايىھىسىنى ۋە تاجىكىستاندىكى كىچىك كارخانىلارنى قوللاش پىلانىنى تاماملاش قاتارلىقلار.

ھۆكۈمەت بارلىق ئورگانلارنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئۈچۈن تاشقى كاپىتال يارىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تاجىكىستان تاموژنا كومىتېتى تاجىكىستاننىڭ تاموژنا ئىتتىپاقدىشىغا كىرىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. مەبلەغ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئەسلىدىكى پىلاننى يەنى 1996-يىلى باشلانغان پىلاننى تاماملاشقا مەسئۇل بولدى.

تاجىكىستان ھۆكۈمىتى شىركەتلەرنىڭ دۆلەتكە ئۆز ۋاقتىدا باج ۋە باشقا پۇللارنى تاپشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ۋاقىتلىق بەلگىلىمىلەرنى ماقۇللىدى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ۋە دۆلەتنىڭ

ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل خام چوت كىرىمى شۇنداقلا ھەرخىل كارخانىلار تاپشۇرىدىغان باج كىرىمىدىن ئىبارەت.

گەرچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تاجىكىستاندا باجنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش يەنىلا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. 1997-يىلى 1-، 2-ئايدا تاپشۇرۇلغان باج پەقەت %49 بولۇپ، 5 مىليارد 200 مىليون تاجىكىستان رۇبلىسى، بۇ پىلاندىكىدىن %75 ئاز، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تاجىكىستان ھۆكۈمىتى شىركەتلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا باج تاپشۇرۇشى ۋە باشقا تۈرلەر توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنى قارار قىلدى. بۇ قارار تاجىكىستان پارلامېنتى باج قانۇنىنى تەستىقلىغانغا قەدەر كۈچكە ئىگە.

ئەگەر باج تاپشۇرغۇچىلار بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىسا باج ئىدارىسى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە. مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكنىڭ قىممىتى چوقۇم كېچىكتۈرۈلگەن پۇلنى تۆلەش ۋە باھالاش خىراجىتى، ساقلاش خىراجىتى، ئالماشتۇرۇش، ترانسپورت، ئۈچۈر خىراجىتى قاتارلىقلارنى تۆلەشكە يېتىشى كېرەك. ئەگەر شىركەتلەر مۇسادىرە قىلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق ياكى بىرقىسىم مال-مۈلۈكنى ۋە نەق پۇلنى تاپشۇرۇشقا قوشۇلمىسا، باج خادىملىرى ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى قويۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە. تەكشۈرۈپ مال-مۈلۈك تېپىۋېلىنسا مال قويۇلغان جاي پۇختا ئىتىلىپ مەزكۇر ئورۇننى باج تەكشۈرۈش خادىملىرى ساقلايدۇ ۋە بارلىق نەتىجە خاتىرلىنىدۇ.

ئەگەر باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ياكى قەرزدارلارنىڭ بانكا ھېساباتىدىكى پۇلى يەتمىسە، قەرزنى ئالدى بىلەن نەق پۇل بېرىپ (چەل ئەل پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۆلىشى كېرەك، بېرىدىغان نەق پۇل يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا بولىدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغاندا تەرتىپ چوقۇم توغرا بولۇشى كېرەك. (01)

# رۇسىيىنىڭ تاشقى قەرزى 130 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن

دەسلەپتە مۆلچەرلىنىشچە، ھازىر رۇسىيىنىڭ تاشقى قەرزى 130 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 97 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى قەرز. بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە، رۇسىيە ئۈچىنچى چوڭ قەرزدار دۆلەت بولۇپ، مېكسىكا ۋە برازىلىيىنىڭ ئارقىدا تۇرىدۇ. رۇسىيىنىڭ تاشقى قەرزى 1994-يىلى 119 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1995-يىلى 120 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 1996-يىلى 125 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان. مۆلچەرلىنىشچە رۇسىيىنىڭ تاشقى قەرزى بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئاشىدىكەن. (01)

## «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى خەۋەر قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ژۇرنىلىدۇر. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز مۇشتەرى بولۇش ھەققىنى بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇرلۇق قورا

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: 3837994 - 0991

پوچتا نومۇرى: 830011

ئالاقىلاشقۇچى: مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

# 《中亚信息》（维吾尔文） ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

双月刊 قوش ئايلىق ژۇرنال


主办单位：新疆维吾尔自治区科委
海宇国际集团
出版单位：新疆科技情报研究所
《中亚信息》杂志社
印　　刷：新疆科技报印刷厂
总发　行：乌鲁木齐邮政局
订　　阅：全国各地邮局（所）
邮政代号：58 — 132
电　　话：(0991) 3837994
地　　址：乌鲁木齐市北京南路
40号附8号
邮政编号：830011
定　　价：3 .00元/册
国内同一刊号：CN65 — 1133/N

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى
خەييۈي خەلقئارا گۇرۇھى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا
ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132 - 58
تېلېفون نومۇرى: 3837994 (0991)
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830011، باھاسى: 3.00 يۈەن
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن
ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1133/N